«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物




XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

5

2003

ISSN 1008-6498

09>

9 771008 649003

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تالانتلىق كومپوزىتور، «كۆرۈپ كەتكىن»، «ئىجادكارغا»، «8 ئاپاسىم»، «تاغ سېغى»،
«ئايدىن سورلىيمەن»، «قارا كۆزلۈك»، «دىلبەر»، «سايرا كاككۇك»، «ئاي گۈزەل»
قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئېسىل ناخشا - سازلارنىڭ ئىجادچىسى، خۇشئاۋاز
ناخشىچى، ماھىر سازەندە ئىمىنجان يۈسۈپ ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(52-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2003-يىل 5-سان
(ئومۇمىي 263-سان)

باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


### ئالەمدىن ئۈچۈر

تۇغۇلۇشمۇ ياكى تۇغۇلۇشتۇرۇشمۇ؟ ........................ ئابدۇقادىر جالالىددىن 2

### سەبىيلەر نېمە دەيدۇ؟

دادام تاپقان ئون يۈەن ........................ قەلبىنۇر مىجىت 16

### قانۇن مۇقەددەس

ئالدى بىلەن كىمنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كېرەك؟ ...... ت . يۇنۇس (ت) 18
قانۇن ۋە سىياسەت ھەققىدە ئەگەشمە ئويلار ................ مەھمۇتجان يانتاق 20

### تەپەككۇر كۆزى

ئەقىل مېۋىلىرى ........................ ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز قاتارلىقلار 22

### بىز ياشاۋاتقان دۇنيا

ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتى ۋە شەھەردىكى غېرىبلىق...... ئادىل ئابدۇقادىر 33

### ئاچچىق كۈلكىلەر

بازار ئىگىلىكى ........................ ئابلىكىم ئابلىز 39
قىرتاق پاراڭلار ........................ ئا . نىزامىددىن ئەنجانىي قاتارلىقلار (ت) 41
چولپانلىرىمىزنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى چىلى تۇتايلى ............ ت . يۇنۇس (ت) 44

### ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

«ئۆزىنى تونۇش»تىن ئۆرنەكلەر ........ ئا. نىزامىددىن ئەنجانىي قاتارلىقلار (ت) 46

### «ئالەم چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

مۇستەبىتلەرنىڭ ھەممىسى قېغىز يولۋاس ............ ئا. نىزامىددىن ئەنجانىي (ت) 54

### خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى

مۇقام مائارىپىنىڭ مەدەنىيەتتىكى جۇلاسى ........................ ئاينۇر قاسىم 56

### چالغۇلار سېھرى

ئىسكىرىپكا تارىسىدىن يۈرەك تارىسىغىچە ........................ قۇربان سەلەي 60

### دېھقان نېمە دەيدۇ؟

ئىگىسىز ئىنەك..........(چاچما خاتىرە) ............ يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇق 63
ئىچىم ئاغرىيدۇ ........................ روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 70
دېھقان شۇنداق دەيدۇ ........................ مايسا 72

### سىگنال

خەتەرلىك ئۈچىنچى باسقۇچ ........................ ئەنۋەر ھوشۇر 77


مۇقاۋىدا: دولان ئوغلى، ئەل سۆيگەن تالانتلىق ياش ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم.
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟

ـ خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» ناملىق كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز

**ئابدۇقادىر جالالىددىن**

سەيمىل خانتىڭتون دېگەن بۇ نام ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرلۇك مەنپەئىتىگە ھۇشيار مۇئامىلە قىلىدىغان سىياسىي خەلقلەر ئۈچۈن بەكلا تونۇش بىر ئىسىم. لېكىن ئۇ ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىچە ياتتۇر. بىر قىسىم ئوقۇغان ياشلار خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ نامى، ئەسەرلىرى ۋە سىياسىي قاراشلىرىدىن ئاز-تولا خەۋەردار، ئەمما ئۇلارغىمۇ خانتىڭتون تەپەككۇر دۇنياسى سىستېمىلىق تەرزدە مەلۇم ئەمەس. مانا بۇ ئۇيغۇر ئوقۇمۇشلۇقلىرىدا دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە چۈشىنىشنىڭ تېخى باشلانمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سەيمىل خانتىڭتون زامانىمىزدىكى داڭلىق سىياسىي مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ «ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەرتىپى» (1968)، «ئۈچىنچى دولقۇن: 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دېموكراتىيىلىشىش» (1991)، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» (1996) قاتارلىق ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەر. خانتىڭتون خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ لىدىرى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك دۆلەت خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ «دىپلوماتىيە سىياسىتى» پەسىللىك ژورنىلىنى تەسىس قىلىپ، 1977- يىلىغا قەدەر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. سەيمىل خانتىڭتون سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ھەر قايسى سىياسىي پىكىر مۇنبەرلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىنىپ تونۇلغان شەخس بوپقالدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ 1993- يىلى «دىپلوماتىيە سىياسىتى» پەسىللىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشمۇ؟» ناملىق ئەسىرى سەۋەبچى بولدى. بۇ ئەسەر خەلقئارادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. ھەتتا خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى چۇقانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. جۇڭگو

ئالەمدىن ئۇچۇر

قاتارلىق ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولدى . «دىپلوماتىيە سىياسىتى»دە خانتىڭتونغا رەددىيە بېرىدىغان يەتتە پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى . خانتىڭتون بۇنىڭغا جاۋابەن يەنە شۇ ژۇرنالدا «مەدەنىيەت بولماي نېمە ؟» (قوشۇمچە ماۋزۇسى : «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئەندىزىسى » ) دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . ئۇ نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ سىياسىي تەرتىپىدە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىل بولۇۋاتقانلىقىنى تېما قىلغان ئەسەرلىرى ئاساسىدا ، 1996- يىلى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى .

بۇ كىتابنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرلىرى ھەققىدە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈش مۇمكىن . بۇ ھەقتە ئامېرىكىنىڭ نىكسون دەۋرىدىكى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھەم زامانىمىزدىكى نوپۇزلۇق سىياسىيئون ھېنرىي كىسنگېر مۇنداق دەيدۇ : «خانتىڭتون غەربتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سىياسىيئونلار- نىڭ بىرى . ئۇ نۆۋەتتىكى يەر شارى سىياسىتىنىڭ رېئاللىقىنى چۈشىنىشتە پەۋقۇلئاددە چاقىرىق خاراكتېرلىك ئانالىز رامكىسىنى تەمىن ئەتتى»① ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر سىياسىيئونى زبىگنىگ برژىنىسكىي مۇنداق دەيدۇ : «بۇ بىر ئەقلىي رەۋىشتىكى نادىر ئەسەر ، ئۇنىڭ پىكرى يارقىن ، تەسەۋۋۇرى مول ، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ ، بىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىشلارنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى② ھەتتا خانتىڭتونغا قارشى مەۋقەدە ئەسەر ئېلان قىلغان گېرمانىيىلىك سىياسىيئون ھېرالدمېللېرمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : «ئەڭ مۇھىمى «مەدەنىيەت توقۇنۇشى ، دېگەن بۇ ئىبارە بىزنىڭ سىياسىي نۇتۇقلىرىمىز ۋە گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا دائىم ئۇچرايدىغان سۆزگە ئايلاندى . بۇ ئەھۋال كىشىنى راستىنلا ئەندىشىگە سالىدۇ»③ مېللېر بۇ يەردە بىر مىللەتنىڭ لۇغەت بايلىقىغا كىرگەن تېرمىن ۋە ئۇقۇملارنىڭ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ۋە تۇرمۇش يوسۇنلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلە- قىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن . دەرۋەقە «سىنىپىي كۈرەش » ، «بومبىچىك » ، «دىكتاتورا» ، «دېموكراتىيە » ، «كىشىلىك ھوقۇق » ، «ئەركىنلىك » ، «باراۋەرلىك » دېگەن ئۇقۇملار ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ئالاقە ئىستېمالى ئەمەس ، بەلكى پىكىرلىرىمىزنى ئەنئەنىمىز ئوربىتىسىدىن چىقىرىدىغان ۋە بىزنى ئۆزگىچە قىممەت قارىشىنىڭ زاپچاسلىرىغا ئايلاندۇرىدىغان روھىي تەپكۈلەردۇر . «بىز ئۇقۇملارنى ئىشلەتكەنسې- رى شۇ ئۇقۇملارنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ قالىمىز . بىر ئۇقۇمنىڭ كەڭ تارقىلىشى شۇ ئۇقۇمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش خەۋپىنىڭ زورايغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ »④ دەيدۇ مېللېر . غەربچە قىممەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي ، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار 20- ئەسىردىن ئېتىۋارەن ئەڭ خىلۋەت شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى . ھەتتا غەربتىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى مۇتەپەككۇرلىرى- مۇ غەربچە سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يولۇقتى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ، ئەلشىر نەۋائىي قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن نەزەرىيىۋى ئەندىزىلەر بىلەن باھالاپ ، ئۇلارنى سىنىپىي كۈرەش تەلىماتى ۋە ماتېرىيالىزم قاراشلىرىنىڭ جاۋابكارلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى . فارابىي ئۆزىدىن ئون ئەسىر كېيىن ئاپىرىدە بولغان غەرب ئاتېئىزمچىلىرىنىڭ ئەگىلىكىدە تاسقالدى . بۇ ئەھۋاللار «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» ئۇقۇمى مودا بولۇۋاتقان ھازىرقى كۈنىمىزدە مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز ئۈچۈن ئەقەللىي يىپ ئۇچلىرىنى بېرىدۇ .

20- ئەسىردىكى خەلقئارا تەرتىپتە غەرب رېئسسورلۇق ئورنىنى ئالدى . ئوسمانىيلارنى پارچىلاشتا ، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى غەرب مىللەتچىلىك بىلەن دېموكراتىيىنى قورال قىلدى . ئوتتۇرا شەرقتە تارىختا مەۋجۇد بولۇپ باقمىغان يېڭى دۆلەتلەر بارلىققا كېلىپ ، مىللەت سۈپىتىدىكى ئەرەبلەرمۇ پارچە-پارچە دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى . ستالىنىزمنىڭ تېررورلۇقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى تارىختىن بۇيانقى ئېتنىك پۈتۈنلىكىنى يوقىتىپ ، «مىللەت» گەۋدىسى سۈپىتىدىكى رېسپۇبلىكىلارغا ئايرىلدى . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 1945- يىلى يالتا يىغىنى ئېچىلدى . غەرب تەپەككۇرىنىڭ ئىككى پۈشتى بولمىش كاپىتالىزم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ۋەكىللىرى — روزۋېلت ، چېرچىل ، ستالىن — بىر يەرگە جەم بولۇپ ، دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى يېڭىۋاشتىن سىزىشتى . نەتىجىدە ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ پەيدا بولۇپ ، سان-ساناقسىز ئادىي كىشىلەرنىڭ تەقدىرى يالتىدا تۇغۇلغان شەكىلسىز كۆلەڭگىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى . دۇنيا كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىگە كىردى . مانى دىنىدا تەسۋىرلەنگەن دوست-دۈشمەن ، ياخشى-يامان ئۇقۇملىرى سىياسىي ساھەدىن ئورۇن ئېلىپ ، ئىنسانىيەت بىر-بىرىنى ھەزرىتى ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرى دېيىشتىن كۆرە رەقىب ۋە «سىنىپىي دۈشمەن» قاتارىدا كۆرۈدىغان

www.uyghurkitap.com

بوپكېتىشتى. بۇ خىل يۈزلىنىش بىر قىسىم سىياسىيئونلار تەرىپىدىن «سىياسەت مانىزمى»⑤ دەپ ئاتالدى. تارىخ 20ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىنىڭ رېژىسسورلۇقى ئامېرىكىغا ئۆتتى. ئامېرىكا ئۆزىنى دېموكراتىيە ۋە ئادالەتنىڭ ئەلچىسى دەپ ئاتىدى. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى يادرو قىلغان كوممۇنىزم سېپىگە ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى يۈرگۈزدى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى چىرىكلىنىش زور ھەربىي قۇۋۋەتكە ئىگە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىچ باغرىنى ساقايغۇسىز كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىپ، ئاخىر يىمىرىلدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كاپىتالىزم زەپەر تەنتەنىسى ئىچىدە قەددىنى تېخىمۇ رۇسلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئامېرىكىلىق ياپون سىياسىيئونى فرانشىس فۇكۇياما «تارىخنىڭ ئاخىرى ۋە ئاخىرقى ئادەم» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دۇنيا ھەققىدىكى قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، غەرب دېموكراتىيىسى فاشىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئىككى دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. دۇنيا دېموكراتىيە بايرىقى ئاستىدا ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىققا يۈزلىنىپ، ئەركىن سودا تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ، غەربچە قىممەت قارىشى ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، دېدى. بۇنى 1989ـ يىلى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئۈمىدۋار كەيپىياتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسى دېيىشكە بولاتتى. «تارىخنىڭ ئاخىرى»، «دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى»، «تارىخنىڭ بۇرۇلۇشى»، «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئىبارىلەر ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە ئىلمىي مەسىلىلىرى ساھەلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بولدى. لېكىن بۇندىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي رېئاللىقى قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ ھاياتلىق شارائىتىمىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىمىز؟ بۇ سوئاللار ئۈچۈن ھەر قانداق بىر پەرەزنى نوپۇزلۇق پىكىر سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى. دۇنيانىڭ سىياسىي يۈزلىنىشى كىشىلەرنىڭ بىلىش رامكىسىدىن زىيادە ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۈمىدۋارلىق كۆپ ھاللاردا رېئاللىققا قويۇلغان توغرا دىئاگنوزنىڭ نەتىجىسى بولماي، كىشىلەردىكى سۇبيېكتىپ ئارزۇلارنىڭ مۇبالىغە ھالىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئادالەت ۋە دېموكراتىيىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۈمىد باغلىغان كىشىلەر بۇ قىسقا مۇددەتلىك ئۆتكۈنچى تارىخنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرىدى. پەلەستىن ۋە چېچىنىيىدىكى قانلىق توقۇنۇشلار، كوسوۋودىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى نائىلاج سىياسىي قىياپەتلەر 21ـ ئەسىرنىڭ ئويلىغاندەك ئىس-تۈتەكسىز، ئىناق، باياشات، خاتىرجەم ئەسىر بولالمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلار خام چوتىنى بەس-بەستە كۆپەيتىشى، تەبەسسۇمگە ئورالغان دىپلوماتىيە ئويۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھەم مۇرەككەپ تۈس ئېلىشى تىنچلىققا بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. چۈنكى، بىز ھەقىقىي تىنچلىققا كاپالەت بېرەلەيدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاتموسفېرانىڭ ھىدىنى تېخى ھىدلىيالمىدۇق.

قان قاننى تۇغىدۇ، ئۇرۇش ئۇرۇشنى تۇغىدۇ. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ بالىياتقۇسىدا نۆۋەتتىكى ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ ھامىلىسى يېتىلمەكتە ئىدى. قارىماققا سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قالغان يادرو تەھدىتى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدىن تېخى كەتكىنى يوق، بەلكى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئويۇنلارنىڭ كوزىرىغا ئايلانماقتا. كۆرۈنمەس، ئەمما مۇقەررەر بولغان تۈرلۈك تەھدىتلەر ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە ئەلپازىنى سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» ناملىق ئەسىرىدە خېلى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. فرانشىس فۇكۇيامانىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا تامامەن زىت بولغان بىر قىياس كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جىددىي تارتىدۇ. «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق ئاڭ فورمىسىدا، سىياسىي ياكى ئىقتىسادتا بولماستىن، بەلكى ھەزارەتتە بولىدۇ. ئىنسانلار دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ تۈپ مەسىلىگە خەلق ۋە مىللەت جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ مەسىلە: دەل مەن كىم؟ دېگەن مەسىلىدۇر»⑥ دەيدۇ خانتىڭتون ئەپەندى كىتابىنىڭ بېشىدىلا. «كىشىلەر ئەجدادى، دىنى، تىلى، تارىخى، قىممەت قارىشى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە تۈزۈملىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىملىكىنى»⑦ بېكىتىدۇ دەيدۇ. ئۇ ئارقىدىنلا «بىز ئۆزىمىزنىڭ كىم ئەمەسلىكىمىزنى ۋە كىمگە قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى چۈشەنگەن بولىمىز»⑧ خانتىڭتون دەۋاتقان كىملىك مەلۇم ئورتاق ياشامغا تەۋە كونكرېت بىر شەخسنىڭ كىملىكىدۇر. شۇنداقلا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىدۇر. كوللېكتىپ كىملىك شەخسنىڭ ئۆز كىملىكىنى بايقىشى ۋە قۇرۇپ چىقىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە سېربلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش دەل ئۇلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزگىلەردىن پەرقلەندۈرۈشىدىن

كەلگەن. جەڭگاھتا پارتلاۋاتقان نەرسە بومبا ئەمەس، ئىدىيە. «دۆلەتلەرنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكىدەك ئۈچ گۇرۇھ بويىچە بولماستىن، دۇنيادىكى يەتتە - سەككىز ئاساسلىق مەدەنىيەت بويىچە بولىدۇ»[9] دەيدۇ خانتىڭتون يېڭى ئەسىردىكى دىپلوماتىيە كۈرىشى توغرىلىق. ئۇنداقتا، ئۇ دەۋاتقان يەتتە - سەككىز مەدەنىيەت قايسى؟

ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى غەرب خرىستىئان مەدەنىيىتى.

سلاۋيانلارنى ئاساس قىلغان پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى.

ئوتتۇرا ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قىسىم رايون، فىلىپپىن، مالايسىيا، ھىندونېزىيىلەرنى قاپلىغان ئىسلام مەدەنىيىتى.

ھىندىلارنى ئاساس قىلغان بۇددا مەدەنىيىتى.

ياپون مەدەنىيىتى.

جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى كۇڭزى مەدەنىيىتى.

ئافرىقا مەدەنىيىتى (بىرلىككە كېلىش ئىپادىلىرى ئېنىق بولمىغان تۈركۈم).

لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى.

لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى ئانچە روشەن ئەمەس بولۇپ، يەنىلا غەرب مەدەنىيىتى لاگېرىغا كىرىدۇ. خانتىڭتون ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇپەسسەل توختىلىپ كەتمىگەن. ئۇ يېڭى ئەسىردىكى خەلقئارا توقۇنۇشنىڭ ئوت كۆچى خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت» چۈشەنچىسىنىڭ نېگىزىدە دىن تۇراتتى.

كۇڭزى مەدەنىيىتىمۇ خرىستىئان مەدەنىيىتىگە قارشى ھالدا ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ، دېگەننى كۆڭۈل قويۇپ شەرھلەيدۇ. ئۇ يوقىرىقى مەدەنىيەتلەر تۈركۈمىنى يادرو دۆلەت ئۇقۇمى ئاساسىدا تەركىبلەيدۇ. ئۇنىڭ يادرو دۆلەت دېگىنى نېگىزلىك قىممەت قاراش جەھەتتە ھەمشىرە دۆلەتلەر بىلەن بىردەك بولغان ھەمدە ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈچ جەھەتتە ئۇلارغا يېتەكچى بولالايدىغان چوڭ دۆلەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر خرىستىئان مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، جۇڭگو شەرقىي ئاسىيادىكى كۇڭزى مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، رۇسىيە پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ياپونىيە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى. بۇ يەردە يادرو دۆلىتى بولمىغان مەدەنىيەتتىن ئافرىقا، ئىسلام مەدەنىيەتلىرى قالدى. خانتىڭتون سەئۇدىي ئەرەبىستانى، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، پاكىستان، ھىندونېزىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە مۇسۇلمان ئۇممەتلەرگە ھەقىقىي ۋەكىل بولغۇدەك سالاھىيەت يوق بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ بەزىسى قەبىلىچى، بەزىسى مىللەتچى، بەزىسى نامرات، بەزىسى غەربپەرەس، بەزىسى ئاجىز، بەزىسى مەھكۇم بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قېقىلغان غەرب ئىشغالىيىتىنىڭ مىخلىرى ئۇلارنى گۇمراھلىققا بەنت قىلىپ تۇراتتى. ئاپتور تۈركىيىنىڭ دۆلەت كىملىكى ھەققىدە خېلى كۆپ توختالغان بولۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ غەربچىلىك ئۆزگىرىشلىرىنى بىچارە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ: بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى ۋە پارلامېنتى غەربچە قىممەتنى ئۇلگە قىلىپ دۆلەت ئىدارە قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ خەلقى ئىسلامىي ئەقىدىدە. شۇڭا تۈركىيە ياۋروپا بىرلەشمىسىگە ئەزا بولۇشنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ، غەرب دۆلەتلىرىگە دىپلوماتىيىلىك يولغا قويۇش رەۋىشىدە بويكەلگەن بولسىمۇ، كوممۇنىزم لاگېرىدىن تېخى يېقىندا دۇكان ئايرىپ چىققان شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. تۈركىيە بولسا ئاسما ھالەتتە قېلىۋەردى. (Secularism ئەلمانىيە — دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ ئاجرىلىشى) ئەرەبلەرنى بىر-بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان پارچە دۆلەتلەرگە بۆلۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە ئىمان، پادىشاھلىرىنىڭ قەلبىدە شەيتان، تۈگىمەس تىنچسىزلىق ۋە نامراتلىق مانا شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇنى خانتىڭتون «يادرو دۆلەتنىڭ بولماسلىقى ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىچكى-تاشقى توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەئى ۋە ئالاھىدىلىكى»[10] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ «يادرو دۆلەت» دېگىنىنى بىز ئۆزىمىزنىڭ گېپى بويىچە «باشپاناھ» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

خانتىڭتون كىتابىدا بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى ئۈستۈن ھەربىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچ يۈزىسىدىن باشقا مەدەنىيەتلەردىن غالىبىتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىچ-ئىچىدىن خوراشقا باشلىدى، دەيدۇ ۋە ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىكى غەرب مەدەنىيىتى ئىسلامغا بەس كېلەلمەيدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىسلام مۇكەممەل ھاكىمىيەت سىستېمىسى، ئەخلاق سىستېمىسى ۋە بىلىش سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان روھانىيلىق ئەمەس ئىدى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئىسلامنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بىدئەتلەرنى تازىلاپ، پەرز ۋە سۈننەتلەرنىڭ ئەينىيىتى ۋە تەدبىقى بويىچە ئىش تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەر ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

چىقتى . «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى» دېيىلىۋاتقانلار ئەنە شۇلار بولۇپ ، غەرب دەل مۇشۇلاردىن ئەنسىرەيتتى .

روشەنكى ، شالغۇتلاشقان ئېتىقاد شۇ ئېتىقادنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن پىكرىي مۇجمەللىك ، ھاياتىي سەرسانلىق ئەكىلىدۇ . بۇ دەل يات قىممەت قاراشلارنى پىلانلىق سىڭدۈرگۈچىلەرنىڭ تەنتەنىسىدۇر . پارس قولتۇقىدىكى رايونلار ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ غەربلىكلەرنىڭ زىياپەت ئۈستىلىگە ئايلىنىشى بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى مىسالدۇر . بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئىنتېرنېتتىن مۇنداق بىر سۆھبەتنى ئوقۇغاندىم . سۆھبەتتە بىر مۇخبىر ئىسرائىلىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى نىتانياھودىن 1998- يىلى 12- دېكابىردا مۇنداق سورىغان :

— مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئەينى چاغدا سىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تۈگىشىدۇ ، دېگەنىكەن ، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ؟

نىتانياھو مۇنداق جاۋاب بەرگەن :

— ئۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولۇدىغان يەھۇدىيلار بىز ئەمەس . چۈنكى ، بىزنى ھالاك قىلالايدىغان ئەرەب مۇسۇلمانلار بۇنداق ھالەتتىكى مۇسۇلمان ئەمەس .

نىتانياھونىڭ جاۋابىنى بۈگۈنكى ئەرەب ئەللىرى توغرىسىدىكى رېئال ، ئوبيېكتىپ تەسۋىر دېيىشكە بولاتتى . ئۇ بۈگۈنكىدەك ئايىنىپ كەتكەن ئەرەبلەردە ئۇيۇشۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېمەكتە ئىدى . ئۇ دەۋاتقان «يەھۇدىي» ماھىيەتتە غەرب مەدەنىيىتىدۇر . چۈنكى بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى يەھۇدىي دىنى ۋە گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئاساسىدىكى تەرەققىيات ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان .

خانتىڭتوننىڭ كۆرسىتىشىدە ، غەيرىي غەرب ئەللىرى زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىش مەسىلىسىگە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل پوزىتسىيە تۇتۇشى مۇمكىن ئىكەن :

1 . ئىنكارچىلىق - غەربلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى مۇتلەق رەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .

2 . كامالىزم — مائارىپ ، قانۇن ، ئىدىيىلەردە غەربلەشكەن ھالدا زامانىۋىلىشىش ۋە باي بولۇش مەقسىتىگە يېتىش .

3 . ئىسلاھاتچىلىق — تۈپ قىممەت قاراش ۋە ئېتىقادنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ؛ زامانىۋىلىشىش لېكىن غەربلەشمەسلىك .

خانتىڭتون كامالىزمچە پوزىتسىيىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كەسكىن رەۋىشتە ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ .ئۇ بۇنداق پوزىتسىيە كىشىلەرنى يەرلىك مەدەنىيەتتىن چەتلىتىش بىلەن بىرگە ھەقىقىي غەربلىشىشكىمۇ ئېلىپ بارمايدۇ ، دەپ كۆرسىتىدۇ . دېمىسىمۇ تۈركىيىنىڭ ھازىرقى تەڭقىسلىق ۋە مۇھتاجلىق ھالىتى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . خانتىڭتون ياپونىيىنى ئۈچىنچى خىل پوزىتسىيىگە مىسال قىلىدۇ . بىز ئەمدى «زامانىۋىلىق» دېگەن ئاتالغۇغا دۇچ كېلىۋاتىمىز . «زامانىۋىلىق»نىڭ مەنىسى زادى نېمە ؟ خانتىڭتوننىڭ ئىزاھلىشىچە : «زامانىۋىلىق سانائەتلىشىش ، شەھەرلىشىش ، مائارىپ ۋە بايلىقنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە يۇكسىلىشى ، كەسىپلىشىش كۆلىمىنىڭ مۇرەككەپ قاتلامغا كېلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ، ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «زامانىۋىلىق» چۈشەنچىسىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ . ئۇلار ئېتىقاد ۋە پىسخىك دۇنيانىمۇ زامانىۋىلاشتۇرغاندا ئاندىن پەن-تېخنىكىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ، دەپ ئىشىنىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئىنساننىڭ ياشاش ۋاستىسى تەرەققىي قىلسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىيىتىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ تەبىئىيىتىدە ئۆزگىرىش بولسا ياكى تەرەققىيات بولسا ، ئۇنىڭ زاتى ئىنسان بولماي قالىدۇ . ئۇنداقتا ، ئۇ بۇرۇنقى ئىنسانلارغا يات بىر تەبىئەتتە ياشىشى كېرەك بولىدۇ . لېكىن بىز ئۆز ئىنسانىيلىقىدىن خالىي ياشىغان ئىنساننى تېخى ئۇچراتمىدۇق . دېمەك ، ئىنسانىيلىق ئۆزىنى ساقلايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ياشاش ۋاستىسىدە تەرەققىيات بولىدۇ . خانتىڭتوننىڭ «زامانىۋىلىق» چۈشەنچىسىدە ئۆلچەم تېخنىكا ۋە ماددىي بايلىققا مەركەزلىشىدۇ .

ھەربىي ۋە ئىقتىساد جەھەتتە شۇنچە قۇدرەت تاپقان ، سىياسىي سەھنىنىڭ ئىگىسى بولمىش غەرب دۇنياسىنىڭ چېپچىلاڭغۇ ، نامرات ھالەتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىن ۋەھىمە يېيىشى ، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىدىكى پۇختىلىقنى چۈشەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

خانتىڭتوننىڭ ئېيتقانلىرى ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە كۆرۈلدى . بوسنىيە ، چېچېنىيە ، تاشقى كافكازىيە ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئوتتۇرا شەرق ، سىرىلانكا قاتارلىق جايلاردىكى كۈرەشلەر ، بولۇپمۇ «11- سېنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسى»دىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى بۇرۇلۇشلار كىشىلەرنى خانتىڭتونغا تېخىمۇ قىزىقتۇردى . ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى جورجى . W . بۇش ئافغانىستاندىكى تالىبان ھاكىمىيىتىگە يۈرگۈزگەن ھەربىي ھەرىكىتىگە «ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى» نامىنى بېرىپ ، كېيىن ئۆزگەرتىۋالدى .

كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدىكى قىسمەن جۈملىلەرمۇ كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ . مېنىڭچە ، بۇ كىتابنىڭ بىزگە نىسبەتەن بىر ئەھمىيىتى شۇكى ، ئۇ ئاز-تولا پىكىرلىك

ئادەملىرىمىزنى 21- ئەسىردىكى مىللىي كىملىك مەسىلىسى ھەققىدە ئويغا سالىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا كوللېكتىپ سالاھىيەتنى بېلىش مۇرەككەپلەشتى، قاتناش ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆچمە نوپۇسلارنى كۆپەيتتى. بۇ ئەھۋال ئەسلىدىكى بىرلا ئېتنىك خەلقتىن تەشكىل تاپقان بۆلگىلەرنىڭ مىللىي تەركىبىنى كۆپ خىللاشتۇردى. سودا ۋە تىرىكچىلىك ئېھتىياجى ئوخشىمىغان مىللەت ئەزالىرىنى ئوخشاش بىر مۇھىتقا كەلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. بۇنداق شارائىتتا مىللەت ئەزالىرى جۇغراپىيىلىك بىرلىكتىن كۆرە ئېتىقاد، تىل، قىممەت قاراش بىرلىكى بويىچە ئېتنىك بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلايدۇ. كىملىك ماكان ۋە زامانغا قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەزمۇن قاتلىمىنى ئاشكارىلايدۇ. بىر ئۇيغۇر بالىسى تەكلىماكاننىڭ گىرۋىدىكى خىلۋەت بىر بوستانلىقتىن مەككىگە ياكى نيۇ-يوركقا بېرىپ قالغىنىدا، ئۇ ئۆزىدىكى كىملىكنىڭ بۇرۇن دىققەت قىلىپ باقمىغان تەرەپلىرىنى بايقاشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر مەككىدىكى بىر ئۇيغۇر مۇھاجىر ئانا ۋەتىنىگە كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە ئۆزى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇ مۇھاجىر سىياسىي جۇغراپىيىنى بىرلىك قىلغاندا سەئۇدىي ئەرەبىستانلىق، تارىخ ۋە ئىرقنى بىرلىك قىلغاندا ئۇيغۇر، دىنىنى بىرلىك قىلغاندا مۇسۇلمان ۋە باشقىلار. ئۇ يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشى كېرەك. لېكىن ئۇ قايسى كىملىكنى يېتەكچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك؟ بۇنى ئۇنىڭ قىممەت قارىشى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۆزىمۇ مۇشۇ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن ھايات يولى تاللايدۇ. بۇنداق بولغاندا، پاسپورت بەزى ھاللاردا سىياسىي كىملىككە ۋەكىللىك قىلسىمۇ مىللىي كىملىككە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. 21- ئەسىر بىز ئۈچۈن كىملىك قۇرۇلۇشىدىن باشلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، تەرەققىياتنىڭ خام ئەشياسىغا ئايلىنىپ كەتمەيمىز. ئەكسىچە، تەرەققىيات بىزگە بويسۇنىدۇ. جاھان مۇنبىرىدە شەرەپلىك ئورنىمىز بار بولىدۇ.

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشى ئوقۇرمەنلىرىمىزدە دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمىلىق نەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان تۈركۈملەرنى پەيدا قىلىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلغۇسى. سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە شېئىرىي قىزىققانلىق، پىكرىي يەڭگىلتەكلىك، رومانتىك مەستخۇشلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كىشىنى جىق زىيانلارغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ زىيان شۇ قەدەر كۆپكى ئۇنى ئۆلچەپ بولماس. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، ئۆزى يولۇقتۇرغان ھەر بىر مەسىلە بويىچە يەنە باشقا ئىلمىي مەنبەلەرگە ئۆتۈشى، ھۆكۈملەرنى ئۆزىنىڭ ئەقلىدە تەكرار-تەكرار تاسقاپ كۆرۈشى لازىم. ئەسلىدە بۇ كىتاب بالدۇرراق نەشر قىلىنىشى لازىم ئىدى. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئون يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ كىتاب ئەمدىلىكتە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قولىغا چىقىپتۇ. سەۋەبى، بىزدە مۇتەپەككۇر تەرجىمانلار يوق دېيەرلىك. تەرجىمان بىر خەلقنىڭ روھىي كەمتۈكلىرىنى سېزىشى ۋە ئۇنىڭغا نېمىنىڭ داۋا بولىدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە تېپىشى لازىم. تەرجىمانلىق يۈزەكى قارىغاندا، تىل تەرجىمىچىلىكى، لېكىن چوڭقۇر قارىغاندا، روھ تەرجىمىچىلىكىدۇر. قېرىندىشىمىز ئابدۇرېھىم دۆلەت مۇشۇنداق يىرىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، ئۇ ئىشنى تاماملاپتۇ. تەرجىمىنىڭ قانداق چىققانلىقىنى تەرجىمە ئوبزورچىلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قالدۇرىمىز. بۇ يەردە بىز ھېچبولمىغاندا ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ ئەسەر تەرجىمە قىلىشتا تېما تاللىشىدىكى ئاكادېمىكال سەزگۈرلىكىنى بېكىتەلەيمىز. ئۇنىڭغا ئەجىرلەر نېسىپ بولغاي!

ئىنگلىز پەيلاسوپى بېرتراند رۇسسېل «غەربنىڭ ئەقىل-پاراستى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە بىر شائىرنىڭ «يىرىك بىر كىتاب بىر چوڭ ئاپەت» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. كىتاب ئوقۇغاندا نوپۇزغا ئېتىۋار بېرىپ كېتىش ياكى مۇئەللىپنىڭ قەلىمىگە مەپتۇن بوپكېتىش تۈپەيلى پىكرىي ئادىششلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، پېقىر تۆۋەندە جانابىي سەيمىل خانتىڭتوننىڭ پىكىر تەلقىنلىرىدىكى جىددىي ئېتىۋار بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئىلغاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتى. سىستېمىلىق تەلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان ئىلىم ھەۋەسكارى بولسىمۇ خانتىڭتونغا ئۆزىمىزگە خاس مەۋقەدە ئىنكاس بېرىشكە تىرىشىپ باقتۇق.

ماقالىمىزنىڭ بەزى قۇرلىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەندەك 21- ئەسىرمۇ كىشىلەر ئۈمىد قىلغاندەك ئادىل ۋە خاتىرجەم دەۋر بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. 20- ئەسىر غەرب كۈچلىرىنىڭ ئوسمانىيلارنى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن باشلانغانىدى. 21- ئەسىرمۇ غەرب كۈچلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەسلىيەتچىلەرگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈشى بىلەن باشلاندى. بۇ ئىش بەئەينى خانتىڭتوننىڭ تەسەۋۋۇرىچە بولدى.

ئەگەر بىز ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان بولساق، شۇ قەدەر تەرەققىي تاپقان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ چەكسىز ئەندىشە ۋە تەشۋىش ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ۋەھىمىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى

ناھايىتى روشەن ھېس قىلالايمىز. كىشىلەر بۇ خىل ۋەھىمىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ھەتتا ۋەتەن ئالماشتۇرۇپ بېقىپمۇ ئارام تاپالمىغان بۇنداق قىسمەتنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. تۈزۈلمە ئالماشتۇرۇشلارمۇ كىشىلەرنىڭ غەم-دىشۋارلىرىغا ئارا تۇرالمىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاش تىنچلىقنى ۋە ئىنسانلارنىڭ بەختەرلىكىنى قوغدايدىغان خەلقئارا ئورگانلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ تۇرۇپمۇ يەر يۈزى قان ۋە كۆز ياشلاردىن قۇرىمىدى. تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بۈگۈنكى ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى؟ تىنچلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئىشقا ئاشامدۇ؟

يەرشارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى توقۇنۇشلار، يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان رايون خاراكتېرلىك ياكى خەلقئارالىق ماجىرالار، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەربىي تەييارلىقلىرى تىنچلىقتىن گۇمانلىنىشىمىزنىڭ جانلىق پاكىتى. ئېھتىمال، بەزىلەر يۇقىرىقى سوئالغا ئىلىم-پەن يەنىمۇ تەرەققىي قىلسا، ئۆز ئارا ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، چۈشىنىش چوڭقۇرلاشسا، ھەر خىل دىن ۋە مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلسە دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق قاراشلار ۋەھىمىلىك رېئاللىقنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ نەزەرىيىسى سۈپىتىدە زىكىر قىلىنىپ كەلدى. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ كۈچەيدى. بىراق دۇنيا يەنىلا تىنچ بولمىدى. مەلۇمكى، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يەر شارى تىنچلىقىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى ئەمەس.

ئامېرىكا پسىخولوگى ئېرىك فىرومنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى» دېگەن كىتابىدا بىر جەدۋەل بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قېتىمىنىڭ تەرەققىياتتا ئەگىشىپ كۆپەيگەنلىكى ئەكس ئەتكەن⑪:

| يىللار | ئۇرۇش قېتىمى |
|---|---|
| 1480 — 1499 | 9 |
| 1500 — 1599 | 87 |
| 1600 — 1699 | 239 |
| 1700 — 1799 | 781 |
| 1800 — 1899 | 651 |
| 1900 — 1940 | 892 |

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت ئىپتىدائىي بولغانسېرى ئۇرۇش شۇنچە ئاز بولغان. پەن-تېخنىكا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇرۇشمۇ كۆپەيگەن ھەمدە ئۇرۇشنىڭ ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقان.

مەدەنىيەت نېمە ئۈچۈن تىنچسىزلىق بىلەن ئۇدۇل تاناسىپ بولىدۇ؟

بىز جاۋابنى يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيلى. چۈنكى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنمۇ ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەنمۇ ئەنە شۇ ئىنسان. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ھامان ئۆز ئەقلىدىن ھالقىپ كەتكەن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش قۇۋۋىتى تەكشى بولمىغانلىقتىن مەسىلىلەرگە تاپقان جاۋابلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ. بۇ پىكرىي ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقىنى شۇنداقلا نەتىجىنىڭمۇ كۆپ خىللىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئەھۋال ئوخشاش بولمىغان قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە سەۋەبچى بولغان. مۇتەپەككۇر ئىبن تەيمىيەنىڭ «كىشىلەرنىڭ ھەقىقانىيەتنى قوغدىشى ئۈچۈن ئاللا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، چۈنكى كىشىلەر ھەقىقانىيەتنىڭ ماھىيىتىنى نۇرغۇن تەرەپلەردىن تونىمايدۇ ھەم ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمايدۇ» ⑫ دېگەن سۆزى قەۋملەرنىڭ جېدەل-ماجىرالاردىن خالاس تېپىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى چىنلىقتا ئۇيغۇن ئورتاق بىر نىزامنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. 20-ئەسىردە فاشىزم، كاپىتالىزم، كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ئويۇندا نەچچە ئون مىليون ئادەم ئۆلدى، نەچچە ئون مىليون ئادەم خانىۋەيران بولدى، نەچچە ئون مىليون ئادەم تارىخنىڭ مەھكۇم مۇساپىلىرىگە يۈزلەندى، نەچچە ئون مىليون ئادەم شۇ تۈپەيلى ئۈنگەن ئەخلاقسىزلىقنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدە ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىدىن ئايرىلدى. تېخىمۇ كومېدىيىلىك بىر تەرەپ شۇكى، كىشىلەر ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق، ھېسابسىز بەدەللەرنى تۆلىگەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئىجابىي يەكۈنگە ئىگە بولالمىدى. ئۇلار پەقەت ئىنسانىيەت ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەت ئەمەس بەلكى ئۇزۇن تۈندىكى رەزىل چۈش كەبىي كېيىنكىلەرنىڭ ئەسلىمىسى بوپقالدى، خالاس. بۇ رەزىل چۈش پەن-تېخنىكا گۈللىنىشىنىڭ رەڭدار لىباسلىرى ئاستىدا قېپقالدى. قانداقلا بولمىسۇن شۇ نەرسە ئېنىق: ئادەملەرنى ئەشەددىي خىرىسكارلارغا ئايلاندۇرغان يۇقىرىقى ئىدېئولوگىيىلەر بەربىر غەربنىڭ بەچچىدانىدا يېتىلگەن. بۇ بىر تۇغقانلارنىڭ جېدەللىرى تارىخنىڭ كېيىنكى قەدەملىرىگە

ئەبەدىيلىك تەسىر كۆرسەتتىكى ، ئىنسانىيەت ھېلىھەم ئەنە شۇ مەشئۇم يىللارنىڭ تەۋرەملىرى ئىچىدە ئىمىرلاپ يۈرىشىدۇ . كۈنىمىزدە مەدەنىيەتنىڭ ھاكىم تىپى سۈپىتىدىكى غەرب مەدەنىيىتى «كومانىزم» ، «ئەقىلچىلىك» ، «پەن-تېخنىكا» ، «مىللەت» ، «ئەركىنلىك» ، «دېموكراتىيە» ، «كىشىلىك ھوقۇق» ، «دىن» كەبى چۈشەنچىلەر بىلەن ئەسلىدىكى جەمئىيەت مودېللىرىدىن خوشلاشقان ئاسىيا ، ئافرىقىلارنى قۇرۇپ چىقتى . بۇ تۇپراقلارنىڭ خەلقلىرى غەربتىن ئالغان ئاشۇ ئەڭگۈشتەرلەرنى دەستەك قىلىشقان ھالدا غەرب مۇئەسسەلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئۆز ھەققىنى دەۋا قىلىشىدىغان بولدى .

مەدەنىيەتنىڭ ھاكىم تىپلىرى ئۆز قىممەت قاراشلىرىنى مەدەنىيەتنىڭ مەھكۇم تىپلىرىغا قوبۇل قىلدۇرۇپ ، ئۇنى مەھكۇم تىپلارنىڭ ھايات پرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆزلەيدۇ . ھاكىم مەدەنىيەت تىپى مۇشۇنداق يوللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ . ئۇنداقتا ، خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ «دۇنيا تەرتىپى» نېمىنى چىقىش قىلىدۇ ؟

«يەرشارىلاشتۇرۇش» نۆۋەتتىكى خەلقئارا يۈزلىنىش بوپقالدى . ئەگەر بىز بۇ گەپنى «يەرشارىلىشىش» دەپ ئالساق ئۇنىڭ بەربىر مۇئەييەن ئىجرا قىلغۇچىلىرى بولىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە تەشەببۇسكارلار ، ماسلاشقۇچىلارمۇ بولىدۇ . ئۇنداق ئىكەن «يەرشارىلىشىش» دېگىنىمىزدە «يەرشارىلاشتۇرۇش» ھەم «يەرشارىلاشتۇرۇلۇش» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىرلاۋاقىتتا مەۋجۇد بولغان بولىدۇ . دەۋرىمىزدە «يەرشارىلاشتۇرۇش» ، «بىرقۇتۇپلاشتۇرۇش» دېگەنلەر ئامېرىكا قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خاھىشىغا ئايلاندى . بۇنىڭغا قارشى ھالدىكى «كۆپ قۇتۇپلاشتۇرۇش» ، «كۆپ مەنبەلەشتۇرۇش» شوئارلىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، سىياسىي سەھنىدىكى ھەر قانداق غالىب كۈچ «بىر قۇتۇپلىشىش»نى تاڭغۇسى كېلىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭدا غالىب سىياسىي كۈچنىڭ ئۆزلۈكى ئەمەلگە ئاشىدۇ . خانتىڭتوننىڭ كىتابىنىڭ مەزمۇنىدىن ئامېرىكىنىڭ يەر شارىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن تارىخىي پۇرسەتتە ، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ مەۋجۇدلۇقى ، بۇ خىل توقۇنۇشنىڭ نوقۇل مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى بولماستىن بەلكى مۇرەككەپ بىر سىياسىي توقۇنۇش بولۇدىغانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس . يەر شارىلاشتۇرۇشتا ئامېرىكىنىڭ غايەت زور مەنپەئەتى بار ،شۇڭلاشقا ئۇ يەرشارىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىگە پۈتلىشىدىغان

ھەرقانداق توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىشى كېرەك . تەبىئىيكى ، بىز «مەدەنىيەت »ئۇقۇملىرىنى چۈشىنىشكە دۇچ كەلدۇق : مەدەنىيەت دېگەن نېمە ؟

بىر مىللەتنىڭ تىلشۇناسلىقىدا ، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇشلىرىدا سۆزلۈكلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ، مەنىلىرىنى مۇستەقىل نۇقتىدا تۇرۇپ شەرھلىگەن ئىزاھلىق لۇغەتنىڭ بولۇشى ئەقەللىي ئىش . بۇ لۇغەت ئىلمىي ئېھتىياجلارنى ھەل قىلىشتا مۇناسىپ رول ئۆتەيدىغان بولۇشى كېرەك . شۇنداق بولغاندا ، بىز ئۇقۇملارنى تەھلىل قىلىش داۋامىدا باشقا تىلدىكى لۇغەتلەرگە موھتاج بولۇشتىن ساقىت بولالايمىز . بىزدىمۇ بىرەر ئۇقۇمنى يېشىشتە ئالدى بىلەن ئانا تىلىمىزدىكى مەتبۇئات-مەنبەلەرنى ئاساس قىلىدىغان ، ئاندىن يات تىللاردىكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىدىغان پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن مەنبەلىرىمىز تەقلىدتىن ياكى كۆچۈرمىدىن خالىي مىھنەتنىڭ سەمەرىسى بولۇشى لازىم . بۇ بويىچە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە قارايدىغان بولساق «مەدەنىيەت» ھەققىدە تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى ئۇچرىتىمىز :

«مەدەنىيەت» ئى [ئە] 1 . ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى ، ئۇتۇقلىرى ، ئادەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى ، يەنى ئەدەبىيات-سەنئەت ، مائارىپ ، ئىلىم-پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . 2 . بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەلتۈرگەن شۇنداق ئۇتۇقلىرىنىڭ دەرىجىسى : سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى . 3 . ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردە ، تارقىلىش نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە قارىماستىن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى . 4 . يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى ، ئومۇمىي ساۋات ؛ تەلىم-تەربىيە كۆرگەنلىك ، زىيالىلىق ؛ مەرىپەت : مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالماق ، مەدەنىيەت ئۆگىنىشى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى »⑬

يۇقىرىقى ئىزاھاتتىن بىز «مەدەنىيەت» ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە قانائەتلىنەرلىك ئېنىق جاۋاب ئالالمايمىز . ئۇ ئىزاھاتلار قايسىدۇر بىر لۇغەتتىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغاندەكلا تۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن شۇ ئاتالغۇنىڭ ئىستېمالدىكى تارىخىي قاتلام ، ئىجتىمائىي قاتلام ۋە پەلسەپىۋى قاتلامنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . بۇنداق ئەھۋاللارنى باشقا ئۇقۇملار خۇسۇسىدىكى ئىزاھلاردىنمۇ بايقىغىلى بولىدۇ . بىر مىللەتنىڭ ئىستېمالدىكى ئۇقۇملار ئەگەر شۇ مىللەتنىڭ سوتسىئولوگىيە ، پەلسەپە ، تارىخ ،

مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەلىرى تەرىپىدىن خاس مەۋقەدە يورۇتۇلمىغانىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي پەنى بولمىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي پەنى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي جېنى يوق بولىدۇ.

تىلىمىزنى پەلسەپىۋى، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تىل دەرىجىسىدە كامالەتكە يەتكۈزۈش ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپە. ئەگەر بىز بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىماساق ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى لاياقەتلىك ئىنسانلاردىن بولالماي قالىمىز. تىل مەجرۇھلۇقى دىل مەجرۇھلۇقىدىن نىشاندۇر. ئۇنىڭدىن كەلگەن پىكرىي كېكەچلىك بىزنى خار ۋە زەبۇنلۇقنىڭ قارا گىردابىغا ئاپىرىدۇ، نەتىجىدە بىز ئاھانەتلىك بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە تارىخنىڭ لەنەتلىك سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىمىز. دوكتور ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇق تىلىمىزدىكى ۋە ئىجتىمائىي ساھەمىزدىكى ئېنىقسىزلىقلارغا خاتىمە بېرىش زۆرۈرىيىتى توغرىلىق ئۆزىنىڭ «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا توختىلىدۇ⑭ ئۇ، ماقالىسىدا ياۋروپادىكى، شۇنداقلا تۈركىيە، جۇڭگودىكى زىيالىيلارنىڭ تىلىمىزدا «مەدەنىيەت»، «مەدەنىيلىك» دەپ كېلىنىۋاتقان ئاتالغۇلار ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى، تەبىر-تەتقىقلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئاندىن خەنزۇ تىلىدىكى 文明 (ئىنگلىزچىدا Civilization)نى «مەدەنىيەت» دەپ ئېلىۋېرىشنى، 文化 (ئىنگلىزچىدا Culture)نى تۈركچە بويىچە «كۇلتۇر» دەپ ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دوكتور ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ مەزكۇر ماقالىسى بىزنىڭ «مەدەنىيەت» چۈشەنچىمىزدىكى خاتالىقلارنى ۋە ئۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان قايمۇقۇشلارنى تۇنجى بولۇپ سەممىزگە سالىدۇ.

«خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»⑮تە خەنزۇچىدىكى 文化 غا «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى، 文明 غا «مەدەنىيلىك، مەدەنىي، مەرىپەتلىك» دېگەن سۆزلەرنى قويىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»⑯دە «مەدەنىيلىك»كە «مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت ئىگىلىگەن ھالەت» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئەگەر بىز «ئىزاھلىق لۇغەت»تىكى «مەدەنىيەت» ۋە «مەدەنىيلىك»كە دائىر بېرىلگەن ئىزاھاتلارنى سېلىشتۇرۇپ قارىساق، ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقى ھەققىدە تۈزۈك بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلالمايمىز. بېرىلگەن ئىزاھاتلاردا ئۇقۇم خاسلىقى بولمايلا قالماستىن، يەنە خەنزۇچىدىكى ۋە باشقا چەت ئەللەر تىللىرىدىكى ئىستېماللار بىلەن زىتلىشىدۇ. سەيمىل خانتىڭتوننىڭ بىز توختىلىۋاتقان ئەسىرىدە 文化 ۋە 文明 ئۇقۇملىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. ئۇ 19-ئەسىردىكى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەسۋىرلىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. قەيت قىلىنىشىچە، 文明 تېخنىكا، ھۈنەر ۋە ماددىي ئامىللارنى بىلدۈرىدۇ. 文化 بولسا قىممەت قاراش، غايە ۋە جەمئىيەتتىكى يۈكسەك ئېستېتىكىلىق ۋە ئەخلاقىيلىقنى بىلدۈرىدۇ. ژان كازېنېۋۋا 文化 بىلەن 文明 نىڭ پەرقلىرى ھەققىدە تارىخىي نۇقتىدىن بايان يورۇتىدۇ. ئۇ گېگېلنىڭ ئوبيېكتىپ روھ ۋە سۇبيېكتىپ چۈشەنچىلىرى بويىچە پىشىم بېرىپ ئۆتىدۇ: 文化 ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 文明 بولسا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ تىرىشچانلىق كونكرېت ماددىي ئىجادىيەتتە نامايان بولىدۇ»⑰

يۇقىرىقىلاردىن ئايانكى، بىز تېخى تىلىمىزدىكى ئۇقۇملارنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە يۈرۈش قىلىپ بولالمىدۇق. بۇ ئىش زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىق يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلىرىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. گېپىمىزگە كەلسەك، مەن دوكتور ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ خەنزۇچىدىكى 文明 نى ئۇيغۇرچە «مەدەنىيەت» دەپ ئېلىش تەشەببۇسىغا قوشۇلىمەن. 文化 نى «كۇلتۇر» دەپ ئېلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، بۇنى كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇش بىلەن بىرگە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ باقماقچىمەن. ئىنگلىزچىدىكى «Culture» ئىبارىسى تۈركچىدە «Kultur» (كۇلتۇر) دەپ قوبۇللانغان. ئۇيغۇرچىدىمۇ بۇ سۆزنى ئەينەن قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان يېرى يوق، مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئۇنى قامۇبلىشىدا. بۇ بىر مەزگىللىك تەتقىقات ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىغا باغلىق. «تېلېۋىزىيە» (television) «ئېكسپىلاتاتسىيە» (Exploitation) دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن يەردە «كۇلتۇر» ئاتالغۇسىنى قوبۇل قىلىش تامامەن مۇمكىن. تۈركچە قوبۇللانغان «كۇلتۇر» سۆزى ياۋروپا تىللىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى مەنە ئاساسىدا تۈركچە ئۇقۇم بولۇپ ئۆزلەشكەن. «كۇلتۇر»غا يانداش سۆز ئىزدەشتە تىلىمىزغا تارىختىن بېرى تەسىرى ئۆتۈپ كەلگەن تىللارغا قاراپ بېقىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

«مەدەنىيەت» دېگەن سۆز بىزنىڭ تىلىمىزدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىنگلىزچىدىكى «Culture»، «Civilization» (خەنزۇچىدىكى «文化»، «文明») ئۇقۇملىرىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىلدۈرۈپ كەلدى. بۇنداق تومتاقلىق ئىجتىمائىي ئىلىم ھاياتىمىزدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزدا

قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. شۇنداقلا مائارىپىمىز، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزدە نەزەرىيە گەمالىقى سادىر قىلدى. تا ھازىرغا قەدەر خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇر دوختۇرلىرى بولۇشقا تېگىشلىك زىيالىيلار بۇ ساھەدە قول يۈرۈتمىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇقۇم جەھەتتىكى ئېنىقلىمىلار مۇجمەل ھالەتتىن قۇتۇلمىغان بىر شارائىتتا دەل شۇ خىل ماۋزۇدىكى كىتاب ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. مانا شۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن «مەدەنىيەت» ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

«مەدەنىيەت» سۆزى بىزنىڭ تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇقۇم جەھەتتىن ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم پەرق مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئۇقۇمىدا «مەدەنىيەت» بىر خىل ئەمەلىي ئىپادە، قىممەت قاراشنىڭ نەتىجىسى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ ئوبيېكتىپ نەتىجىسى. ئەگەر بىز تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن ھالدا ئەرەبچە لۇغەتلەرگە قارايدىغان بولساق «مەدەنىيەت» ئىبارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ئەقىدە»، «ھەزارەت»، «سەقافەت» قاتارلىق ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىبارىلەر بىر-بىرىدىن ھەم پەرقلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خۇددى ھالقىلاردەك بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

«ئەقىدە» — ئېتىقادتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىدېئولوگىيىدۇر. ئۇنىڭ مۇئەييەن ئاخىرقى نىشانى ۋە سىياسىي مەقسىتى بولىدۇ. سىياسىي مەقسىتى بولمىغان نەرسە ۋاقىتلىق ۋە ئۆتكۈنچى بولۇپ، ئەقىدە بولۇش شەرتىگە توشمايدۇ. «ھەزارەت» مىللەت، دۆلەت ياكى مەلۇم جۇغراپىيىلىك رايوندىكى كوللېكتىپنىڭ ئاڭ كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇ ئەقىدىگە ئاساسلىنىدۇ ۋە شۇ ئاساستا قانات يايىدۇ. «مەدەنىيەت» بولسا بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان ماددىي نەرسىلەرنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ۋە ئوبرازى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر مەدەنىيەت شەكلى ۋاستىلىق ھالدا ئەقىدىنىڭ نەتىجىسى. مەدەنىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان يەنە بىر شەكلى بار. ئۇ پەقەت تېخنىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەلۇم مىللەت ياكى رايون دائىرىسىدە چەكلەنمەيدىغان، ھەر قانداق قەۋمگە ئورتاق بولغان شەكىل. «سەقافەت»نىڭ ئىستېمال مەنىسى «ئاڭ-سەۋىيە»، «بىلىم-سەۋىيە» بولۇپ، مىللەتكە خاس نەقلىي مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىز كۆپ تىلغا ئالىدىغان ئىجتىمائىي پەندۇر. مەيلى تەبىئىي پەن ياكى ئىجتىمائىي پەن بولسۇن ئوخشاشلا ئەقىل ئىشلىتىش ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ تۈنجى قەدەملىرىدە پەرق بار. تەبىئىي پەندە ئىزدەنگۈچى بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە ماددا بولۇپ، ئۇ ھېچبىر كىشىنىڭ خاھىشى ۋە مەيدانىغا باقمايدۇ. تەبىئەتتىكى قانۇنىيەت بارلىق مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ، ئۇ تەشۋىقات ياكى تەرغىبات ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان ياكى ئۆزگەرتىپ تاشلىنىدىغان ساھە ئەمەس. بۇ قانۇنىيەت ئەقىل ۋە تەجرىبە ئارقىلىق بايقىلىدۇ. شۇڭا تەبىئىي پەن بەزىدە ئەقلىي پەنمۇ دېيىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئادەمدىن ئادەمگە كۆچىدۇ، يەنى ئىزدەنگۈچى بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دۇنيا قاراشتىكى ئادەم ۋاستە بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن نەزەرىيىگە ئاساسەن خۇلاسە كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەقلىي پەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، تەبىئىي پەنگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي پەنگە مۇئەييەن مىللەت ياكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىرادىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. دۇنيادا مەلۇم مىللەتكە خاس فىزىكا يوق، ئەمما مۇئەييەن مىللەتكە خاس سىياسىي، تارىخ ۋە مائارىپ بولىدۇ. 20- ئەسىردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بيۇروكراتلىرىنىڭ كونترولى ئاستىدىكى ئاكادېمىيە ۋە تەجرىبىخانىلار بولغان، بۇ ئورۇنلار لىسىنكودەك سىياسىي بىر تىپنى تىكلەش ئارقىلىق كاپىتالىستىك غەربنىڭ ئىرسىيەت ئىلمىنى ئاغدۇرماقچى بولغان. تارىخ بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھىتلېر گېرمانىيىسى «گېرمانىيە فىزىكىسى» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمما ئۇمۇ ئۆتكۈنچى ھادىسە بوپقالدى.

دېمەك «سەقافەت» دېگىنىمىز مائارىپ ياكى ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىنى، «مەدەنىيەت» دېگىنىمىز پەن-تېخنىكا ساھەلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ھەزارەت» دېگىنىمىز كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش شەكلى، ئىپادىلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئامىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى ماددىي بولىدۇ. «ھەزارەت»نىڭ ئىپادىلىنىشى كوللېكتىپ ئاڭدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسى ئەقىدىدۇر. شۇنداق بولغاندا، خەنزۇچىدىكى 文化 (ئىنگلىزچە Culture) (تۈركچە Kultur)نى «ھەزارەت» دەپ ئالساق مۇۋاپىق كېلىدۇ. تىلىمىزدا ئەرەب لېكسىكىسى ۋە ئەرەب جۈملە شەكىللىرىنىڭ مىڭ يىللارچە تەسىرى ئۇدۇمى بار. بۇ ئەھۋال خەلقىمىزنىڭ ئاتالغۇ ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئەرەبچىگە مايىل ئادىتىنى ۋە ئېگىنى شەكىللەندۈرگەن بولغاچقا «ھەزارەت» ئۇقۇمى ئاسان ئۆزلىشىشى مۇمكىن.

پەلسەپىۋىلىكى بار تىلدا يېزىلغان ماقالە مەنىنى ئىخچام جۈملىلەر بىلەن ئېنىق ئوقتۇرالايدۇ. پىكىردىكى مەنتىقىي ئىزچىللىق ئابستراكت

ئۇقۇملارنى ئاپتورنىڭ ئويلىغىنىدەك ئېچىپ بېرەلەيدۇ. بىز تىلىمىزدىكى شېئىرىي ئەۋرىشىملىكنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، تىلىمىزنى ئاتالغۇلاشقان ۋە بۇ ئاتالغۇلارنى سىستېمىلاشقان قىلىپ قۇرۇپ چىقمىساق بولمايدۇ.

مەلۇمكى، پەن ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى غايىسى ئەمەس، بەلكى ۋاستىسى، ئىنسانلارنىڭ بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئىمكانىيەت ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى، چەكسىز ئارزۇ-ئىستەكلىرى ۋە نەپسى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ غايىسى. بۇ خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت كېڭەيتىلگەن ھەزارەتتۇر»⑱ دېگىنى بىلەن بىردەك كېلىدۇ.

ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى كىتابتىكى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىغا يۆتكەپ باقايلى: بىز مەدەنىيەتلەر نېمە ئۈچۈن توقۇنۇشىدۇ؟ قانداق توقۇنۇشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئاساسەن خىرىستىئان بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا مەركەزلىشىدۇ؟ توقۇنۇشتا قايسى خىل مەدەنىيەت غالىب بولىدۇ ۋە بۇ توقۇنۇش قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆز-ئۆزىمىزگە قويماي ۋرالمايمىز. چۈنكى ھەر قانداق توقۇنۇشنىڭ تۈپ سەۋەبى، سەۋەبكارى ۋە مەقسىتى بولىدۇ. بىز خانتىڭتوننىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندا، مۇنداق بىر تارىخىي رېئال پاكىتقا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك: دۇنيادا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان بارلىق توقۇنۇشلار راستىنلا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىمۇ؟ خانتىڭتون يەر شارىنى بىر قانچە مەدەنىيەت رايونىغا ئايرىغاندا، غەربنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىنى ۋە غەربنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. مەدەنىيەتلەرنى تىپقا بۆلگەندە، غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. مەسىلەن، خانتىڭتون يەتتە-سەككىز تىپقا بۆلگەن بولسا، ئارنولد تويىنبى 24 تىپقا بۆلىدۇ. كۆرۈنۈشكە بولىدۇكى، مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئىنگلىز مەدەنىيىتى، رۇس مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى، تۈرك مەدەنىيىتى، خەنزۇ مەدەنىيىتى، ياپون مەدەنىيىتى... دەپ تۈرلىگىلى تۇرساق جىق گەپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئېتىقاد ياكى ئىدېئولوگىيە بىلەن نىسبەتلەپ قارىساق، بۈگۈنكى دۇنيا ئېنىق ھاكىمىيەت سىستېمىسى ۋە سىياسىي غايىگە ئىگە ئىككىلا ئىدېئولوگىيىگە ئۆيۈشقان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىسلام، يەنە بىرى خىرىستىئان. ئەگەر بۇددا دىنىمۇ بارغۇ دېيىلسە، ئۇ روھنى پاكلاپ، نىرۋاناغا يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ. سىياسىي مەقسىتى بولمىغان نەرسىنى ئىدېئولوگىيە دېگىلى بولمايدۇ.

پەقەت ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت ئىپادىسىدۇر. سىياسىي نىشانى بولمىغان كىشىلىك دۇنيا قاراش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسى بولغان مەدەنىيەت سىياسىي نىشانى بار بولغان ئېتىقاد ياكى ئىدېئولوگىيىگە يەم بوپكېتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى بولغان ئىدېئولوگىيىنى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمگە، ئىستراتېگىيىسىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز ئىپادىسىنى تۈرلۈك قىياپەتتە كۆرسىتىۋاتقان قىممەت قاراشنى چىقىش نۇقتىسى قىلساق، ئاندىن بىز مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ماھىيەتلىك توقۇنۇش ياكى شەكىلدىكى توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىك توقۇنۇش ياكى ئۆتكۈنچى توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، بىز ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىدېئولوگىيىنىڭ تەۋەلىكىنى بېكىتكەندە، ئاندىن توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرىنى توغرا بېكىتەلەيمىز. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھاكىمىيەتكە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدىغان ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئۇزاق مەزگىللىك ۋە ماھىيەتلىك توقۇنۇش بولىدۇ. خانتىڭتوننىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا جىددىي ئېتىۋار بېرىشى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كوممۇنىستىك ئەقىدىدىن ۋاز كېچىپ، كاپىتالىستىك دۇنيا قاراش بويىچە ئۆز ئىجتىمائىي ھاياتىنى باشلىغان رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا قىممەت دۆلەتلىرى غەربىي ياۋروپا قىممەت سىستېمىسى بىلەن ئاسانلا ئورتاقلىق يارىتالىدى. 1948-يىلى 14-مايدا ئىسرائىلىيە زىئونىزم ئاساسىدا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغاندا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى شۇ ھامان ئېتىراپ قىلدى. ئاتېئىزمنى ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ھۇلى قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ھايال ئۆتمەي ئېتىراپ قىلدى. ئوتتۇرا شەرقتە ئىسرائىلىيىدەك بىر دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا ئوخشاش پوزىتسىيە قوزغىدى؟ خەلقىمىزدىكى «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەن تەمسىل بۇ سوئالىمىزغا جاۋاب بولىدۇ.

مەسىلىنىڭ مۇنداق بىر تەرىپىمۇ بار: دۇنيادا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە بۇندىن كېيىن يۈز بەرگۈسى توقۇنۇشلارنى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ھۆكۈم قىلىش مەلۇم نىسبىيلىككە ئىگە. ئەگەر شۇنداق بولۇدىغان بولسا بىر مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ياۋروپا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن؟ يەنە ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ئېلىپ بارغان

مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئەنگلىيە ئىرلاندىيىنى ئىگىلىۋالغاندىن بۇيانقى سەككىز ئەسىرلىك سۈركىلىشنى مەدەنىيەت ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ سلاۋيان مەدەنىيىتىگە شۇنداقلا خرىستىئان دىنىنىڭ پراۋوسلاۋىيە مەزھىبىگە تەۋە شەرقىي ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا، ئارقىدىنلا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇش ئارقىلىق رۇسىيىگە قارشى ھەربىي، سىياسىي ئالدىنقى سەپ ھاسىل قىلغىنىغا نېمە دېيىش كېرەك؟ كۆرۈش ئاسانكى، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى چەكسىز ئېھتىياجى ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىيتىنى چىقىش قىلغان ئەقىدىنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرمىگۈچە توقۇنۇش ھەر ۋاقىت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ھاكىم ۋە مەھكۇملىرى بولغاندەك مەدەنىيەتنىڭمۇ ھاكىم ۋە مەھكۇم تىپلىرى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش باراۋەرلىك تۈسىدىكى ئىختىيارىي ئالماشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق مەجبۇرىي ئالماشتۇرۇشتۇر. مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ تەبىئىي قانۇنىيەت ئاساسىدا يۈز بەرمەيدۇ، بەلكى قۇدرەتلىك سىياسىي، ھەربىي مېخانىزمنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پىلانلىق، باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سۈنئىي رەۋىشتە ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ.

يوقىرىدا بىز توقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى، ۋاستىلىرى، غايىسى ۋە ئىپادىلىرى ھەققىدە توختالدۇق. توقۇنۇش بولغانىكەن، ئۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئاخىرلىشىش بىر تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىپ مۇتلەق تەشەببۇسكار ئورۇنغا چىقىشى، يەنە بىر تەرەپنىڭ تەشەببۇسكار ئورنىنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. دېمەك، ھازىرقى دۇنيادا نېگىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆپ خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىدىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ھاكىمىيەتكە تەتبىقلىنىشىنى ئىزدەۋاتقان مۇستەقىل بىر مەدەنىيەت بىلەن ئۆز ئەقىدىسىگە ئاساسلانغان تۈزۈلمىگە، قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە يەنە بىر مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مەۋھۇم ھالەتتىن سۈزۈك ھالەتكە ئۆتتى. ھىندىستان ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى، يەرلىك ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئۆزلۈكى بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مۇستەقىل ئەقىدە-ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەمەس، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە غەرب مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە ئاسانلا سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكا سىياسىيئونى خانتىڭتون 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دۇنيانىڭ سىياسىي يۈزلىنىشنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، 21- ئەسىردە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان توقۇنۇشنىڭ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش بولۇدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر تەسىرى بولغان ئىككى خىل نېگىزلىك مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ توقۇنۇش يۈز بېرىدىغان جۇغراپىيىلىك ئورۇننىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقتىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولۇدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئەمەلىيەتتە 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا كۈچەپ ئوتتۇرىغا قويغان شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى شەرققە كېڭەيتىش تەسەۋۋۇرى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. شۇنداقلا «11- سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بىۋاستە قەدەم باستى ۋە ھەربىي بازىلارنى قۇردى. غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىگە تەھدىت سالىدىغان ئامىلنى ئىككى دەپ قاراشقا بولىدۇ: بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى. بۇ گۇرۇھلار گەرچە بۇ رايوندا ھاكىمىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇد بولمىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۇ خەلقىنىڭ ئىدىيىسىدە شەكىللەنگەن ئىدېئولوگىيىلىك ۋاكۇئۇمنى ئىسلام بىلەن تولدۇرۇشقا ئاتلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى كوممۇنىزم تۈزۈلمىسى ۋە ئېتىقادى ئاستىدا ئۇزۇن يىللار ياشىغان بولسىمۇ، ئۇن ئەسىر تارىخقا ئىگە ئىسلام ئەنئەنىسى خەلقنى ئىسلام چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئۈندىدى. ئۆز ھاكىمىيىتىدىكى چىركىن تەرەپلەردىن سۆيۈنمىگەن بۇ كىشىلەر ئۈمىدىنى باشقا ياققا بۇرىغانىدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامېرىكا، رۇسىيە كەبى سىرتقى تەسىرىي كۈچلەر پەقەت ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق پۇت تىرەپ تۇرماقتا. ئامېرىكا ئۈچۈن بولغان تەھدىتنىڭ يەنە بىرى، ئوتتۇرا ئاسىياغا شىمال تەرەپتىن چېگرىلىنىدىغان رۇسىيە ۋە شەرق تەرەپتىن چېگرىلىنىدىغان جۇڭگو. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئامېرىكا ئويلىغاندەك ئۇنداق قەستى بولمىسىمۇ، ئامېرىكا بۇنداق چۈشەنمەيدۇ. رۇسىيە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا غەرب قوشۇنلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى خالىمىسىمۇ، ئۇنى دىپلوماتىيە تەبەسسۇمىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئېنېرگىيە ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىكى مەنپەئەتى ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما بۇ

رايوندىكى تەسىرى ۋە يىلتىزى رۇسىيىنىڭكىدەك چوڭقۇر ئەمەس، شۇڭا جۇڭگو ئۆزىنىڭ كلاسسىك تەمكىنلىكى بىلەن پۇختا دوستانىلىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەمكارلىق ئارقىلىق تېررورىزمنىڭ خەۋپىدىن ساقلىنىشى لازىم بولىدۇ. ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتىدە رۇسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى مەلۇم مەنپەئىتىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم بۇ رايوندا ھەربىي بازا تۇرغۇزۇشتەك ئىككى تەرەپلىمە تاكتىكا قوللىنىۋاتىدۇ. جۇڭگوغا نىسبەتەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى يادرو كرىزىسىنى ئۇلغايتىپ، بۇ رايوندىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ۋە ئاخىرلاشمايدىغان كرىزىسكە بەنت قىلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىر دائىرىسىنى چەكلەشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇرەككەپ بىر سىياسىي سەھنە، بۇ سەھنە گويا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربنىڭ دىرىژورلۇق تايىقى ئاستىدا قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئېھتىمال بۇ سەھنىدىكى ئويۇن ئوتتۇرا شەرقتىكى ئويۇن بىلەن ئوڭ تاناسىپ ئوينالسا كېرەك. بۇ ئويۇننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ سوئال ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىدىن بولغان زىيالىيلاردىن ياكى باشقا 3-دۇنيا ئەللىرىدىكى زىيالىيلاردىن سورالسا، ئۇلار غەربنىڭ تەڭداشسىز ھەربىي، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىنى نەزەردە تۇتۇشقان ھالدا، چوقۇم غەربنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنى سوغۇققان رەۋىشتە تەتقىق قىلىۋاتقان غەرب زىيالىيلىرى ئۇنچە ئالدىراقسانلىق قىلىپ كەتمەيدۇ. خانتىڭتون ئەپەندى ئەنە شۇنداق زىيالىيلارنىڭ بىرى. ئۇ، كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا، غەرب مەدەنىيىتىدىكى چۈشكۈنلۈكلەرنى دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تېشى چىرايلىق، ئىچى سېسىق ئالمىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن غەرب زىيالىيلىرى ئۆز غەلىبىسىگە ئالدىراپ ئىشەنچ باغلىمايدۇ. غەرب ئالىملىرى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەبەدىيلىك توقۇنۇش بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىلىق بەرگەن بىشارەتلىرىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلالمايدۇ. بۇ بىشارەتلەر «سەھىھۇل بۇخارىي جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانىي شەرھى» ناملىق كىتاب (مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1981-يىل ئۆكتەبىر نەشرى، بېيجىڭ)نىڭ 123-بېتىدىكى 185-نومۇرلۇق ھەدىس ۋە شۇ كىتابنىڭ 173-بېتىدىكى 263-نومۇرلۇق ھەدىستە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئەينىيىتى بويىچە بولغاندا، غەرب دۇنياسىنىڭ ئېيسا ئەلەيھىسسالام سەلىپ (كرېست)كە مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ كرېستنى ھەقنىڭ سىمۋولى قىلىۋېلىشى، «ئىنجىل»دا ھارام دەپ كۆرسىتىلگەن بىر بۆلەك نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چەكلەنمەي كەڭ ئىستېمالىيەتكە قويۇشى پات كەلگۈسىدە جىنايەت بولۇپ پاش بولاتتى. كېيىنكىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلىنىشى تۈپەيلى «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان كەرىم» بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر مەنبەدىن كەلگەن كىتابتەك تونۇلمايدىغان بوپقالدى. مانا بۇ كىتاب ئەھلى ئوتتۇرىسىدا تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىۋاتقان قانلىق نىزانىڭ سەۋەبى. مەريەم ئوغلى ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى كىشىلەر سۈنئىي يوسۇندا پەيدا قىلىۋالغان سەپسەتىلەرنىڭ بەربات بولۇشى ۋە پىكرىي، قەۋمىي نىزالارنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ مەزمۇنلارنى تارىختىكى «ئەھلىسەلىپ» ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى داۋامى، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ كەيپىياتى، زامان مۇتەپەككۇرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان قىياسلار، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۈگۈنكى ئىككى خىل تۈپ ئىدېئولوگىيىگە ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرسىنىڭ يەنە بىرسى ئۈستىدىن غالىب كېلىشى تامامەن بىر مۇقەررەرلىك ئىدى. پەن-تېخنىكىنىڭ گۈللىنىشىدىن بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي يۈكسىلىشلەر كىشىلەرنىڭ پۇل تېپىش ھېرىسلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، باياشاتلىق ئىچىدىكى غورىبەتلىك، ئىنسانىيلىقنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن كەلگەن روھىي ۋەسۋەسىلەر ئومۇمىيۈزلۈك مەسىلىگە ئايلىناتتى. ئاز-تولا مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىگە ئىگە زىيالىيلارنىڭ بۇ ھەقتە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئۇچۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلامىي ھەزارەت روھىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، غەرب ھەزارىتى ماددىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. دىننى ھاكىمىيەتتىن ئايرىشتىن ئىبارەت قىممەت قاراش سىستېمىسى غەرب تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام بۇنىڭغا قارشىدۇر. ئۆز دىنىنى ئىككى دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ يېتەكچىسى، دەپ بىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشىنى غەرب سىياسىيئونلىرى دىققەتتىن خالىي قىلمايدۇ. ئېھتىمال، غەربلىكلەرمۇ مۇنۇ ھەدىسكىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشۇپ،

يەھۇدىيلار تاش ۋە دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالسا، تاش ۋە دەرەخ: «ھەي مۇسۇلمان! مېنىڭ كەينىمدە بىر يەھۇدىي بار، ئۇنى ئۆلتۈر»، دېمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ»⑳

بۇ ھەدىسنى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى يەر شارىلاشتۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ يەر شارىلاشتۇرۇش غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋوز، قالغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋاگون بولۇشىدىن دېرەك بېرەمدۇ-يوق؟ بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن غەربنىڭ داۋاننىڭ چوققىسىغا چىقىپ قايتىپ چۈشۈدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، غەربلىكلەر ئۇچۇن خەۋپتىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، ھەر كىمنىڭ كۆڭلىدە چوت بار. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكىدىكى ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ يوق بولۇشى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەلتۆكۈس بەربات بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ ئۆزئارا توقۇنۇش قاينىمىغا كىرىپ قالغان بۈگۈنكى ئەرەبلەر ئۇنداق زەپەرگە قادىر بولالمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ يىمىرىلمەس ئېتىقادنى مەركەز قىلغان مۇستەھكەم سىياسىي سىستېمىغا كېلىشىدىن پەيدا بولۇدىغان تەڭداشسىز كۈچ دەل يىراقنى كۆرۈدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدىدۇر. شۇنداقلا، غەرب سىياسىيئونلىرىنىڭ ئەندىشىسىدۇر.

سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابىنى شۇ خىل ئەندىشىدىن كەلمىدى دېگىلى بولارمۇ؟

2003-يىل ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

## ئىزاھات

①يەن جۇڭجى: «〈مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى〉نى ئوقۇشقا تەكلىپ»، سەيمىل خانتىڭتوننىڭ شۇ ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرىگە قوشۇمچە، 419-بەت. شىنخۇا نەشرىياتى 1999-يىل يانۋار، 2-نەشرى.

②يۇقىرىقى ماقالىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، يۇقىرىقى كىتاب 419-بەت.

③ھېرالد مېللېر (گېرمانىيە)، «مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللەمەۋجۇدلۇقى»، 11-بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 2002-يىل 1-نەشرى، خەنزۇچە.

④يۇقىرىقى كىتاب 11-بەت.

⑤يۇقىرىقى كىتاب 19-بەت.

⑥سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى»، 6-بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 1999-يىل 2-نەشرى، خەنزۇچە.

⑦يۇقىرىقى كىتاب 6-بەت

⑧يۇقىرىقى كىتاب 6-بەت

⑨يۇقىرىقى كىتاب 6-بەت

⑩ يۇقىرىقى كىتاب 193-بەت

⑪ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، 2000-يىل 1-ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 266-بەت.

⑫ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىيىلىرى»، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 1993-يىل ئىيۇل نەشرى، خەنزۇچە.

⑬ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى.

⑭ ئىلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

⑮ شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2001-يىل ماي، 1-نەشرى.

⑯ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى.

⑰ «جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى 10 چوڭ ئۇقۇم»، 29-بەت، شائىخەي خەلق نەشرىياتى 2003-يىل يانۋار 1-نەشرى.

⑱ سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى»، 25-بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 1999-يىل يانۋار، 2-نەشرى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M1)

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى**





باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(M1)    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)

# دادام ئاپقان ئون يۈەن

قەلبىنۇر مىجىت



بىر قەلەمكەش ئاكىمىزدىن بىراۋ «دېھقانلارنىڭ ژۇرنىلى بارمۇ» دەپ سورىسا، ھېلىقى ئاكىمىز «دېھقانلارنىڭ〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉ژۇرنىلى بار» دەپتۇ. بىزنىڭ مەكتەپتە پۈتۈنلەي دېھقان باللىرى ئوقۇيدۇ. مەكتىپىمىزدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا يېزىلغان ئون نەچچە كىشى ساپلا مۇئەللىملەر، نامراتلىق تۈپەيلى بىرمۇ ئوقۇغۇچى بۇ ژۇرنالغا يېزىلالمىغان. بىراق تولا باللار بۇ ژۇرنالنى مۇئەللىملەردىن سوراپ ئېلىپ ئوقۇۋالىدۇ. گېزى كەلسە ئۈچرەت بىلەن ئۆتنە سوراشقا توغرا كېلىدۇ.

## سىلەر نېمە دەيسىز؟

دادام موزدوز، ئۆزى كىتابقا بەكمۇ ھېرىسمەن ئادەم. ئۇ كىتاب ئوقۇسا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىدۇكى، ھەتتا بىر قېتىم بىر كىتابنى ئوقۇۋېتىپ ئېرىقتا سۇنىڭ يار كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلماپتۇ. ئەسلىدە شۇ كۈنى دادام سۇغا قاراشقا بەلگىلەنگەنىكەن. ياركەتكەن سۇ يولغا تېشىپ كىگىز ئورنى يەرگە يامراپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا يېزىنىڭ سۇغا مەسئۇل باشلىقى دادامنى «سەن قەلەندەرگە كىتاب ئوقۇشنى كىم قويىدى؟ نېمىشقا سۇغا ئوبدان قارىمىدىڭ؟» دەپ بىر تەستەك سالغانىدى.

ئائىلىمىز بەك نامرات. كىتاب سېتىۋېلىپ ئوقۇش تۈگۈل، دەرسلىك كىتابلارنىمۇ تولۇق ئالالمايمەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن تىلەپ كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيمەن.

بىر كۈنى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار تولىمۇ كېچىكىپ كەلگەن بىر سان – 2003-يىل 2-سان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى تالاشقىلى

تۇرۇپتۇ. دائىم دېگۈدەك ژۇرنال كەلسە كۆچلۈك ئوغۇللار غالىب كېلەتتى. شۇلار ئوقۇپ، ئۇلاردىن ئاشسا ئاندىن بىز قىزلارغا نۆۋەت كېلەتتى. بۇ دۆرەممۇ ژۇرنالنى ئوغۇللار ئېلىۋالدى. قاچان ماڭا نۆۋەت كېلەر دەپ ئويلاپ تىت-تىت بولۇپ ئۆيگە قايتتىم.

قايتىشىمدا يول ئۈستىدىكى كىچىك بازاردا ياماقچىلىق قىلىۋاتقان دادامنىڭ يېنىغا باردىم. دادام تىزىغا بىر يىرتىق كەشنى قويۇۋېلىپ، يەنە بىر قولىدا ژۇرنال تۇتۇپ جىمىدە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. يېقىن كەلسەم كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم: مەن بايىلا تالاشقان ژۇرنالدىن بىر نۇسخا دادامنىڭ قولىدا تۇراتتى!

مەن دادامنىڭ دىققىتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئاستاغىنە ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۇم. ژۇرنالغا سىنچىلاپ ئېڭىشتىم. شۇچاغدا بىر خېرىدار كېلىپ قېلىپ دادامغا تاپا-تەنە قىلىشقا باشلىدى:

— مىجىتاخۇن ئۇستام، ئەتىگەن بەرگەن كەشنى تىزىڭىزغا قويۇۋېلىپ خۇددى ھاكىمنىڭ كاتىپىدەك قەغەزگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭلا. ئەكىلىڭلا كەشنى، بولدى، باشقا ئۇستامغا ياماتىمەن.

دادام شۇنداق قىلىپ بىر خېرىداردىن قۇرۇق قالدى. غىققىدە بولۇپ ژۇرنالنى ماڭا تۇتقۇزدى ۋە خېرىدار كۆتۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. «ئۆيگە كېتىۋەر، ژۇرنالنى كىر قىلما، خەقنىڭ ژۇرنىلى» دەپ جېكىلەپ قالدى.

ئۆيگە بېرىپلا ژۇرنالغا سىڭىپ كەتتىم. بۇ ساندىكى ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ ئەقىل ۋە تەپەككۇرغا يېتەكلەيدىغان بىر - بىرىدىن ئېسىل تەرجىمە ئەسەرلەر، مەن تېخى تولۇق ئوقۇپ بولالماستا ئىگىسى ئەكەتكەن «يېگانە ئارال» رومانى توغرىسىدىكى ئوبزورلار، بىز بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق تۇرمۇشتا ياشايدىغان شەھەرلەك ھەدىمىز روشەنگۈل ئابلىكىمنىڭ «يېڭى دەۋر شەھەر قىزىنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشنامە»سى، مەن بىلەن بىر يېزىدىكى يېزا باشلىقىنىڭ قول ئاستىدا بىز بىلەن ئورتاق كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ناتونۇش قىرغىز دېھقان ئاكىمىز ئابدۇراخمان ئەزىزنىڭ «ئەل قاتارى پارالىق لىرى، يەنە بىر دېھقان تاغىمىز يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇقنىڭ «دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى» . . . قاتارلىق ئەسەرلەر كۆزۈمنى نەمدەپ، پات-پات ئېسەدىتىپ تۇردى. بىراق تولۇق ئوقۇپ بولالماستا ئىگىسى ئەكەتتى. دادامغا يېلىنىپ ژۇرنالغا يېزىلىشنى سوراپ يىغلىدىم.

دادام: «ھازىر ۋاقتى ئەمەس، 10-ئايدىن كېيىن مۇشتەرى ۋاقتى كېلىدۇ. ئاڭغىچە ياماقچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلنى ئىقتىساد قىلىپ يىغايلى. 30كوي بولغان ھامان يېزىنىڭ پوچتاليونىغا بېرەيلى» دېدى.

دادام شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئۈچۈن ژۇرنالغا يېزىلىشقا ئاتايىن پۇل يىغىشقا كىرىشتى.

«ھەركۈنى، — دېدى دادام، — ياماقچىلىق قىلغان پۇلدىن بىر كوي قولدا ئاشۇرۇپ قالسام، قالغان نەچچە كويىنى بازار باشقۇرۇش، ئۇ پۇل، بۇ پۇلغاچىقىرىۋەتسەك، 10-ئايغىچە ئەپلەپ 30كوي بوپقالار.»

بىرىنچى كۈنى دادام ناھايىتى سولغۇن، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ كەلدى. بۈگۈن قولىغا پۇلڭ ئاشمىغان چېغى. گەپ سورىيالمىدىم. ئەتىسىمۇ شۇنداق كەلدى. ئۇدا بىرنەچچە كۈن قۇرۇق قول قايتىپ كېلىۋەردى.

— بىرقانچە كۈندىن بېرى سودام يامان ئەمەس. بۈگۈن ئەڭ ياخشى. ئالتە كويغا ئاياغ يامىدىم. ھەتتىڭەي! ئۈچ كويىنى بازار باشقۇرۇش ئېلىپ ماڭدى. بىر كويىنى يەر باشقۇرۇش ئېلىپ ماڭدى. باجگىرلار بەش كوي بېرىسەن دەپ، قالغان ئىككى كويىنى بەرسەم ئۇنىماي بىرسىدىن قەرزدار بولدۇم. بازار تازىلىقىنى قىلغان داۋۇتكام پۇل يىغىپ كېلىۋېدى. بەش موغا قادىر بولالماي ئىزا تارتىپ ئۆلگۈدەك بولدۇم. ھەيي... 30كوي يىغماق تەس بولدى-دە، — دەپ خورسىندى.

بۈگۈن دادام باشقىچە خۇشھال كەلدى. كىرىپلا يانچۇقىدىن ئون يۈەن پۇلنى ماڭا ئۇزاتتى:

— قەلبىنۇر قىزىم، بۈگۈن چىقىملاردىن ئېشىنىپ ئون كوي تاپتىم. مە! سەن ساقلا، ژۇرنالغا يېزىلغىچە سەن يىغ. مېنىڭ يېنىمدا تۇرسا تۈگەپ كېتىدۇ.

خۇشاللىقتا ئون يۈەننى ئېلىپ ئۆيگە يۈگۈردۈم. كىتابىنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپ چىقتىم. شۇ ئارىدا ئىشىك ئالدىمىزدا مەھەللە باشلىقى پەيدا بولدى.

— ھە، مىجىتئاخۇن، كەنتنىڭ دەرۋازىسىغا چىنەخىش چاپلايدىكەنمىز. ھەربىر ئائىلىگە ئون كوي مەبلەغ پۇلى چېچىلدى. بېرىڭلا، - دېدى تىزىملىكنى ۋاراقلاپ.

— ھازىر پۇل يوقتى.

— بولمىسا، نەدىن بولسا تېپىڭلا ئەمدى.

— نەدىن تاپىمەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئادەم جېنىنى باقالمايۋاتقاندا ئۇششاق گېپىڭلار جىقلاپ كەتتىغۇ. چىنە خىش چاپلىمىسىمۇ ياخشىلا تۇرماملۇ دەرۋازا؟

— ئادەمنىڭ خۇيىنى تۇتقۇزماي پۇل ئاچىقىڭلا تېز، — بۇيرۇق قىلدى مەھەللە باشلىقى.

— پۇل يوق، تاپقاندا بېرەي.

— ئىشىك ئالدىغا كەلگەن سائىلنىمۇ قۇرۇق قول ياندۇرمايدۇ. ئۇنداق قىلماي ئالدىن بەش كوي بولسىمۇ بېرىڭلا.

— بەش كوي ئەمەس بەش مومۇ يوق.

— ئەمىسە قىزىڭلىنى بازارغا سېلىڭلا!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم. يۈگۈرۈپ كىرىپ باياتىنقى ئون يۈەننى ئاچىقىپ مەھەللە باشلىقىنىڭ يۈزىگە ئاتتىم. ئىچ-ئىچىمدىن قىستاپ كەلگەن يىغىدىن بوغۇلۇپ كەتتىم. مەھەللە باشلىقى بىرنېمىلەرنى غودىراپ ئون يۈەننى ئالغىنىچە چىقىپ كەتتى.

10-ئايغىچە دادام يەنە قانچىلىك ئىشلىسە ئاندىن قەرزى تۈگەر؟ ھەي ئېسىت، ژۇرنالغا يېزىلىش ئىشى يەنە يوق بولدى!

— غەيرەت مۇھەممەتئىمىن فوتوسى

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى(M1)



# ئالدى بىلەن كىمنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كېرەك؟

«↗نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلايلى» دېگەندەك لوزۇنكىلارنى ھەمىشە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان بەزى رايونلاردا ياكى چەت يېزا-كەنتلەردىمۇ بۇنداق لوزۇنكىلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرۇدىغان بولۇپ، بۇ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش روھىنىڭ ھەممە كىشى قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بىراق، بۇ خىل لوزۇنكىلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلىرىگە قارىتىلغان. مەسىلەن ئالايلۇق: پىلانلىق تۇغۇت، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، دەل-دەرەخلەرنى، يەرلەرنى ۋەيران قىلىش قىلمىشلىرىغا، ئۇندىن باشقا يەنە يەرلىك قائىدە-نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا، مەسىلەن، پوجاڭزا ئېتىش دېگەندەك قىلمىشلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا قارىتا ھېچقانداق گەپ بولمىغان. ئەمەلىيەتتە ئەدلىيە تارماقلىرىدا قىيناپ سوراق قىلىش، مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش، بەلگۈلەنگەن مۇددەتتىن ئارتۇق ۋاقىت تۇتۇپ تۇرۇش، تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرمەسلىك، قانۇننى قۇرۇق قەغەزگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش (ھۆكۈمنى ئىجرا قىلالماسلىق)،

## قانۇن مۇقەددەس

يەرلىك قورۇقچىلىق قىلىش قىلمىشلىرى، يېزىلاردا يېزا-بازار كادىرلىرىنىڭ كەنت-مەھەللە قائىدە-تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىدىغان، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان، ئۇرۇپ-چېقىپ، زوراۋانلىق بىلەن ھەرخىل خىراجەتلەرنى يىغىپ ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىدا ئەمەلىي ئۈنۈم تۆۋەن بولىدىغان، پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى ئارقىغا سۆرەيدىغان، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ساختا ماللار بازارنى قاپلاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ھەقىقەتەن كۆپ. بىراق «× (يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار)نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلايلى»، «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىش، زورلۇق كۈچ بىلەن خىراجەت يىغىش مەسىلىلىرىگە تېز سۈرئەتتە، قاتتىق زەربە بېرەيلى» دېگەندەك مەزمۇندىكى لوزۇنكىلارنىڭ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. (ئەگەر پۇقرالار يازغان بولسا، مۇشۇنداق يېزىلىشى مۇمكىن ئىدى.) لوزۇنكىنى ھۆكۈمەت يازىدۇ. ئەلۋەتتە بۇيەردە سۆزدە خاتالىق يوق. بىراق لوزۇنكا كەينىگە يوشۇرۇنغان پسىخىك ھالەت — ئەنئەنىۋى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىدىكى «قارىغۇ رايون»نى — پۇقرالارنى «ئىدارە قىلىپ»، ھۆكۈمەتنى «ئىدارە» قىلمايدىغانلىق ئىدىيىسىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ھۆكۈمەت مەيدانىدا تۇرۇپ پۇقرالارنى باشقۇرغاچقا، «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نى ئېسىگە ئالدى. ئۆزىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئىدارە قىلىشقا كەلگەندە بولسا، «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نى ئۇنتۇپ قالدى. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئەگەر پەقەت ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنىڭلا قورالى بولسا، ئۇنداقتا مۇشۇ مەنىدىن، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، فېئودال مۇستەبىت دەۋرلەردىمۇ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، پەقەت ئاشۇ «قانۇن»نى پادىشاھ تۈزگەن. ئاشۇ «دۆلەت» پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىلا خالاس. ئۇنداقتا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز زادى نېمە؟ ھازىر نۇرغۇنلىغان قانۇنلارنىڭ ماددىلىرى مۇكەممەل ئەمەس، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئومۇمەن قانۇن تۈزگۈچىلەر ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇش مەقسىتىدە تۇرۇپ قانۇن تۈزگەچكە ئادىل، مۇۋاپىق بولماسلىقتىن ساقلىنالمىغان. پەقەت پۇقرالارنىلا ئىدارە قىلىدىغان قانۇن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بۇنداق قىلىش قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە خىلاپ بولۇپ، بۇ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش روھىنى چاكىنىلاشتۇرىدۇ، خالاس.

قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش روھى — قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. قانۇن مەيلى ھۆكۈمەت ياكى پۇقرا بولسۇن ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسلىق رولى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش يەنى مۇتەخەسسىسلەر ئېيتقاندەك ئومۇمىي ھوقۇقنى چەكلەشتىن ئىبارەت. چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى (ئومۇمەن ھەرقانداق ھوقۇق)دا، تەبىئىيكى چەكسىز كېڭىيىپ، ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزلىنىشى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، نىسبەتەن ئاجىز بولغان پۇقرالارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت تەشكىللىك ھوقۇقى، كۈچى بولغان چوڭ گەۋدە بولۇپ، بۇ خۇددى پىل بىلەن چۈمۈلىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى چەكلەنمىسە، ئۇ چوقۇم پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە تاجاۋۇز قىلىپ، جەمئىيەتكە چوڭ زىيان ئەكېلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشانى ئومۇمىي ھوقۇقنى ئۈنۈملۈك چەكلەشتىن ئىبارەت. ھازىر چەكلىمىلىكى بولمىغان ھوقۇقنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ خەلق ۋە دۆلەت مەنپەئەتىگە بولغان ئېغىر زىيىنى دەل ئاشۇ ئومۇمىي ھوقۇققا نىسبەتەن كۈچلۈك چەكلىمىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن.

«قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نى كۈچەيتىشتە، ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى كېرەك. قانۇنغا رىئايە قىلماسلىق دەل قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بۇزغۇلايدىغان مەنبە. ھۆكۈمەت كەڭ كۆلەمدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، پۇقرالارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھۆكۈمەت قانۇنغا ھۆرمەت قىلماي، قانۇنغا رىئايە قىلماي، جازالانمايدىغانلارنىڭ «ئۈلگىسى» بولۇپ بەرسە، پۇقرالارنىڭ بۇنى دورىشى تۇرغان گەپ. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئالدى بىلەن ئەمەلدارلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. جۇڭگونىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش داغدام يولىدا مېڭىشىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئاشۇ ساپاسى تۆۋەن پۇقرالار بولماستىن بەلكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ساپاسى تۆۋەن بولغان ئەمەلدارلاردۇر. ئەگەر قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىلسە، ئەمەلدارلار قەدەمدە بىر توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى مەنپەئەتلەنگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىدىن — قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئەركىنلىكىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ. مەن ئۆزۈم بىر يېزا پەن-تەتقىقات خادىمى. مەن كەنت-مەھەللە قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئەڭ چوڭ توسالغۇنىڭ يېزا-بازار كادىرلىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. دېموكراتىك سايلام يولغا قويۇلسا، يېزا-بازار كادىرلىرى ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئامما ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان كىشىلەرنى سايلاۋېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەرخىل ئاماللار بىلەن سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ.

قىسقىسى، ھەقىقىي قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا، ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىش كېرەك.

---

لاۋشى قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ شىئەن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىئەن كەچلىك گېزىتى» «西安晚报»نىڭ 2002-يىل 20-دېكابىر سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» «杂文选刊»ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 2-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **تۇختىھاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى(M1)



# قانۇن ۋە سىياسەت ھەققىدە ئەگەشمە ئويلار

- ئىبراھىم ئەمەت ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سانىغا بېسىلغان «قانۇننىڭ ھۆرمىتى ۋە سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى» ناملىق مۇھاكىمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

## مەھمۇتجان يانتاق

▲ قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكى سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى ئارقىلىق پايخان قىلىنغان ئەلدە كىشىلەر بيۇروكراتلىقنىڭ مۇلايىم قۇربانى بوپكېتىدۇ. قانۇن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي سىياسەت ھەممىگە چات كېرىۋالىدۇ.

▲ قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، سىياسەتنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىپ قالغانلىقىدىندۇر. چۈنكى قانۇن دەخلىسىزدۇر. سىياسەت ھامان ئىرادىگە بېقىنغۇچىدۇر.

▲ قانۇندا ھۆكۈمدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ھوقۇق باراۋەرلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. ئەمما سىياسەتتە ھۆكۈمدارلار پەقەت ئۆز ئىرادىسىنىلا تەرغىب قىلىدۇ. ھۆكۈمدارلار ئۈستۈن، خەلق تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆپ يۈز بېرىدۇ.

▲ قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ھۆرمىتى قانچىكى يۇقىرى بولسا شۇ جەمئىيەت خەلقى دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، ئەدلى-ئادالەت، مېھىر-شەپقەت، ئىتتىپاقلىق، ھەقىقەت. . . لەرگە تويۇنغان بولىدۇ. ئەكسىچە، سىياسەتنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ھۆرمىتى قانچىكى يۇقىرى بولسا شۇ جەمئىيەت خەلقى بۇ ئەركىنلەردىن مۇستەسنا ھالدا ياشاپ، ھۆكۈمدارلار-نىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى ئارقىلىق ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ۋە ھەددىدىن زىيادە قاقشىتىشىغا چىداپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

▲ قانۇننىڭ گۆركارى - سىياسەتتۇر. بەزىدە

سىياسەت ئۆزىنىڭ ھەيۋىسى ئارقىلىق قانۇننى چەتكە قېقىپ يېتىم قالدۇرۇپ قويالايدۇ. چۈنكى قانۇن ھۆكۈمدارلارغا نىسبەتەن مۇقەددەس، پۇقراغا نىسبەتەن دەخلىسىز بولسىمۇ، بىراق سىياسەتنىڭ ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن مۇقەددەسلىكى — خاھىشچانلىقتا، پۇقراغا نىسبەتەن دەخلىسىزلىكى — ئىتائەتچانلىقتا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

▲ قانۇن سىياسەت ئالدىدا ئامالسىز، سىياسەت قانۇن ئالدىدا زاۋالسىز جەمئىيەتتە خەلقنىڭ ھوقۇقى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولمىغان بولىدۇ. كىم زوراۋان ۋە ئادالەتسىز بولسا، شۇنىڭ كۈنى تۇغۇلۇپ ھەققانىيەتچى ۋە ئادالەتپەرۋەرلەر خورلىنىدۇ.

▲ قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنسا ئىشلار تەرتىپلىك ۋە ئاڭلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىياسەت قاتتىق ئىجرا قىلىنسا ئىشلار زورلاش ۋە مەجبۇرلاش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. نەتىجىدە قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنغان جەمىيەت يۈكسىلىپ، سىياسەت قاتتىق ئىجرا قىلىنغان جەمئىيەت زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

▲ قانۇنى چىرىكلىك جەمئىيەتلەشسە سىياسىي رەزىللىك نورمال ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

▲ قانۇن خەلققە ئىدىيە ئەركىنلىكى بېرىدۇ. ئەمما سىياسەتنىڭ ئىدىيە ئەركىنلىكى بېرىشى ناتايىن. چۈنكى سىياسەت كۆپىنچە بىرلا ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ياقىلاپ ماڭىدۇ.

▲ ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان جەمئىيەت قانۇنىنىڭ قانداقلىقىنى بىر قېتىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ بىلەلەيسەن. ئەمما سىياسەتنىڭ قانداقلىقىنى بىر قېتىم سىياسەتكە خىلاپلىق قىلمايمۇ بىلەلەيسەن.

▲ ئۆز خەلقىگە مەجبۇرىيەتنىلا بېرىپ ھوقۇقنى بەرمىگەن قانۇن ساختا قانۇندۇر.

▲ قانۇنغا يۈز ئاتساڭ جازالىنىسەن، سىياسەتكە يۈز ئاتساڭ تۆھمەتكە قالىسەن.

▲ قانۇنى مۇكەممەللىك بولمىغان ئەلدە سىياسىي مۇقىملىقنىڭ بولۇشى ناتايىن.

▲ گۈزەل جەمئىيەتنىڭ قانۇنى ھاۋاسى قويۇق بولىدۇ. مۇستەبىت جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ھاۋاسى قويۇق بولىدۇ.

▲ پاكلىق — ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي دەستىكى بولغان جەمئىيەتتىن بىرمۇ پاك ئەمەلدار تېپىلمايدۇ. بىراق قانۇنى دەستىكى بولغان جەمئىيەتتىن بىرمۇ پارىخور ئەمەلدار تېپىلمايدۇ.

▲ ئەڭ تېز زاۋاللىققا يۈزلىنىدىغان ھاكىمىيەت — سىياسىيغا ھەددىدىن زىيادە ئېسىلىۋالىدىغان ھاكىمىيەتتۇر.

▲ ھاكىمىيەتنىڭ شەكلى قانۇنى ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

▲ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىساڭ پۇت-قولۇڭغا كىشەن سېلىنىدۇ. سىياسەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىساڭ ئىدىيەڭگە كىشەن سېلىنىدۇ.

▲ باتۇردىن قورقماي سىياسىيئوندىن قورقىن.

▲ شەھۋەتپەرەس پادىشاھلار مىللەتنى خارابلاشتۇرسا، سىياسىي پادىشاھلار بىر دۆلەتتىكى پۈتكۈل ئەلنى خارابلاشتۇرىدۇ.

▲ ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجە چىرىكلىشىپ كەتسە، ئۇنداقتا شۇ دۆلەتنىڭ جىنايەتكارلىرى بىگۇناھ پۇقرالار بوپقالىدۇ.

▲ قانۇن مەڭگۈ جازا بېرەلمەيدىغان جىنايەت ھادىسىسى ئىللەت، ئادەت ۋە جەمئىيەتلەشكەن قىلمىشلاردۇر.

▲ ھەرقانداق بىر قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ھۆرمىتى ئەمەلدارلارنىڭ ساپلىقى ھەم پۇقرالارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئاندىن ھەقىقىي مەدەت ۋە كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

▲ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە خورلىنىپ يۈرۈشى — بىر بولسا سىياسەتنىڭ تەتۈرلۈكىدىن، يەنە بىر بولسا، ئۆزىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن بولىدۇ.

▲ ئۆز ئېلىڭنىڭ پۇقرالىرىنى ۋە قارشى ئەلنىڭ سىياسىيئونلىرىنى ئوبدان چۈشەنسەڭلا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى غەلىبە چوقۇم ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ.

▲ سىياسىيئونى يوق مىللەت مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ.

▲ سىياسىي غالچىلار ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي روھىيەت پارازىتلىرىدۇر.

▲ بەزىدە سىياسەت تەرىپىدىن جازالانغانلار قانۇن تەرىپىدىن ئاقلىنىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت قانۇنى قەلب قانۇنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ چاغدا جەمئىيەت قانۇنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنكار قىلىنغۇچى ئورنىغا ئۆزى چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ خەلقنىڭ قانۇن ھەققىدىكى كىچىككىنە تونۇشى مۇنداق: تۆمۈر داتلىشار قالسا تالادا، قانۇن داتلىشار سىياسىي ھاۋادا.

▲ ئۆز گۇمرانلىقىنى ئەڭ بۇرۇن كۈتۈۋالىدىغان قانۇن ھۆكۈمرانلارغا جازا بېرىش قۇدرىتىدىن مەھرۇم قالغان قانۇندۇر.

▲ تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغىنىدەك، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ شۇ دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

▲ قايەردىندۇر ئاڭلىغان مۇنۇ شېئىر ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

سىياسەت ئېگىزدە، قانۇن قەپەستە،
پۇقرانىڭ كۆڭلىرى ئۆتىدۇ تەستە.
قانۇن ئېگىزدە، سىياسەت چەتتە،
دۆلەت گۈللىنەر ھەربىر نەپەستە...

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ئەقىل مېۋىلىرى

## تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲سەن نېمە ئۈچۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «ئەقىل مېۋىلىرى» سەرلەۋھىسىدىكى ھېكمەتلەرگە شۇنچە ئامراق؟

– چۈنكى ئۇ پاكىت زەنجىرىنىڭ تېخى بايقالمىغان، تولۇق بولمىغان ياكى ئاشكارىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك بولغان قىسمىنى تولۇقلايدۇ!

▲تۈنۈگۈنكى چەكلەشلەر بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى ئۇرۇنۇشلار بولمىغان بولاتتى.

▲ قىزلار ئاجايىپ بىر مېۋىكى: پوستى ئاچچىق، مېۋىسى شېرىن.

▲دۇنيادا قىزىق ئىشلار كۆپ. ئەنە قارا: كالىنىڭ جۇغى چوڭ، مۈڭگۈزى ئۈچلۈق ھەم ئالدىغا قارايدۇ، قوينىڭ جۇغى كىچىك، مۈڭگۈزى كەينىگە قايرىۋېتىلگەن، سېنى پىكىر قىلسۇن دەپ!

▲ماختاش بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ پەرقىنى تېپىپ چىقالمىغان ئاتا-ئانا ياخشى تەربىيىچى

## تەپەككۇر كۆزى

بولالمايدۇ .

▲ «ئېرى ، ئايالى ھار كىشى باشقا بىرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ ھەم ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ» دېگەنلىك مۇھەببەت بىلەن جىنسىيەتنى تەڭ كۆرگەنلىك .

▲ كۈلكە پاسپورت ، سەممىيەت ئۇنىڭ تامغىسى . شۇلار ئارقىلىق ھەممە كىشىنىڭ قەلبىگە بىمالال كىرىپ كېتەلەيسەن .

▲ ئۇ قانۇننى بىلگەچكە ، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلالايدۇ .

▲ «پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن» دېگەن سۆز - ئۆلۈمتۈكلەرنىڭ «ئاق بايراق»ىدۇر .

▲ ئەگەر بىز كۆز بىلەن قۇلاقنىڭ ئىككى ، ئېغىزنىڭ بىر يارىتىلىشىدىكى سىر (ھېكمەت)نى چۈشەنگەن بولساق ئىدۇق ، ئۆزىمىزنى ئارتۇق ئىشقا ئىشقا ...

- ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كەسپىي - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تۇيغۇ پەرىشتىسى

▲ دوستىنى ساڭا ساتقان ئادەم دەل ئىككىنچى قېتىم سېنى ساتىدىغان ئادەمدۇر .

▲ تۇنجى مۇھەببەت دەپ ئاھ ئۇرۇپ جار سالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە تۇنجى مۇھەببەتنىڭ خائىنلىرىدۇر .

▲ نادانلار ئۈچۈن جاپا چەككەنلەرمۇ نادان .

- ئەلى روزى (تەركىي)

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 3-دىۋىزىيە 53-پولك دوختۇرخانىسىنىڭ ۋىراچى

## روھ چۇقانلىرى

▲ ئۆزىمىزنى ھەقىقىي تۇردە چۈشەنمىگەنلىكىمىزنىڭ ئۆزىلا تەگرىنىڭ بىزنى جازالىشى ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەب بولالايدۇ .

▲ مۇھەببەت - ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارنى ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنى ساماۋى ئۇلۇغلۇق بىلەن سۆيۈش دېمەكتۇر .

▲ تارىختىن بۇيان مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت ئۈستىدە بولۇنىدىغان پاراڭلار ھاراق سورۇنىغا يۆتكەلگەن كۈنى مىللەتنىڭ ھالاكىتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى ، ئالىملار ئارىسىدىكى سۆھبەتكە يۆتكەلگەن كۈنى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزھالىنى بىلىپ تۇرۇپ ئامالسىز قالغانلىقى ، ئەزىمەتلەر ئارىسىغا يۆتكەلگەن كۈنى ۋە مەخپىي ، تولىمۇ سىرلىقلاشقان كۈنى شۇ مىللەتنىڭ نومۇسىنىڭ تىرىلگەن كۈنى بوپكەلگەن .

▲ دۇنيانى ئۆزگەرتىپ ھازىرقىدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان تەقدىر - قىسمەت بولماستىن ، بەلكى دەل ئادەملەرنىڭ ئۆزى .

▲ پەند - نەسىھەت ھەممە كىشى سۆزلىيەلەيدىغان بىراق ھەممىلا كىشى ئەمەل قىلالمايدىغان ئىبارە .

- مۇختار روزى

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 3-دىۋىزىيە 53-پولك «ئېرا» كومپيۇتېر مۇلازىمەت ئورنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى

## چىنلىق ئەسلىمىسى

▲ ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەڭ پاك نەرسىلەرلا كۆز يېشى بولۇپ تۆكۈلىدۇ . بىز تاراملاپ چۈشكەن تامچىلاردىن جىسمىمىزدىكى بۇلغانغان جايلارنى بىر - بىرلەپ تازىلاپ چىقالايمىز .

▲ ئۈمىد ئەمەلىيەتتىن يىراقلاشقانسېرى رېئاللىق خىلۋەتلىككە ماكانلاشقان بولىدۇ .

▲ كىمىكى ھەقىقەتنى ئاڭلاشتىن ياكى سۆزلەشتىن قورقىدىكەن ، مەنزىل ئەتراپىمىزدىلا خۇنۇكلىشىپ قەلبىمىزدىن يوقايدۇ .

- مۇھەممەتئابدۇللا قۇربان (شەجەرىي)

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى

* * *

▲ ۋاقىت ئۇلۇغ ئۇستاز ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

- مامۇتجان نۇرمۇھەممەت

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە ئاقىقاش يېزا پارتكوم ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ

▲ ئادەم جەمئىيەتتە يامان ئاتاقتا قېلىشتىن قورقىدىغان ، ئەمما پەسكەشلىك قىلىشتىن ئەيمەنمەيدىغان ئاڭلىق ھايۋاندۇر .

▲ شۇكۇر - قانائەت كىشىلەرنىڭ جۇرئەتسىزلىكىنى يوشۇرىدىغان پولات قالقان .

- ئىمىنتوختى توختىباقى

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## تىنىمسىز دىئالوگلار

### تۈنۈگۈن

نەۋرىسى : موما ، موما ، چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭا .

www.uyghurkitap.com

مومىسى : بەك كەچ بوپكەتتى قوزام ،بالدۇرراق ئۇخلىغىن .
نەۋرىسى : ياق ،ياق ، ئېيتىپ بېرىسىز ، بولمىسا ئۇخلىمايمەن .

## بۇگۈن

مومىسى : قوزام بېرى كەلگىنە ، قىزىق چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن .
نەۋرىسى : ۋاي-ۋۇي ،بولدىلا ،مەن تېلېۋىزور كۆرىمەن .

## كەلگۈسىدە

نەۋرىسى : موما ، چىنتۆمۈر باتۇر سادىر پالۋانغا ئوخشامدۇ ؟
مومىسى : نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ؟ چىنتۆمۈر ، سادىر دېگەنلىرىڭ كىم ؟ نەلەردىكى سوئاللارنى سوراپ .
نەۋرىسى : بۈگۈن مۇئەل . . .
مومىسى : بولدى ، بولدى ، كىچىك بالا دېگەن ئاز گەپ قىلىدىغان .

- مەرغۇبە ئەخمەت

---

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## ئاياللىق نىدالىرى

▲ ھەقىقىي ئەر يوق جەمئىيەت ھەقىقىي ئايالنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئەرلەر غۇرۇرىنىڭ ئاستا-ئاستا يوقىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتى .

▲ بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنى باشقۇرالمايدىغانلىقى بەرھەق .چۈنكى ئۆزىنى باشقۇرالمىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنى باشقۇرۇش سالاھىيىتى يوق .

▲ ئەرلىرى پەسكەشلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتنىڭ ئاياللىرى بىچارە . ئاياللىرى پەسكەشلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتنىڭ ئەرلىرى ئۆلۈمتۈك .

▲ ئەڭ ئاسان تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدىغان ئايال - ئۆمۈر يولدىشىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئايالدۇر .

▲ ئاياللارنىڭ ئەرلەردەك ياسىنىۋېلىشى ئەرلەرگە ھاقارەت تۇيۇلمامدىغاندۇ ؟

- ئايىمنىسا سۇلايمان

---

ئاپتور : خوتەن ماارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات

2002.يىللىق تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ ئەقىل ئۈزۈقى ئانىلار قەلبى بىلەن تەبىئەت قوينىدا .

▲ تەقدىر - بىز قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان بارلىقنىڭ ئىسمى .

▲ ئادالەتنى پەقەت تەگرىلا يۈرگۈزىدۇ . «مەن ئادالەت يۈرگۈزىمەن» دېگۈچىلەرنىڭ چىشى چېقىلدى ياكى ئۆزى «يىقىلدى» .لېكىن ئۇلار شۇندىلا ئادالەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدى ۋە بۇ كۆتۈرۈش تەس بولغان تاشنى ئۆزى بىلەن ئۇدۇنياغا بىللە ئەكەتتى . بەلكىم بۇ تاش ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئىخچام خۇلاسىسى بولسا كېرەك .

▲ تۇرمۇشىمىزدا گۇناھ ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن .

▲ ئازاب - ئەستايىدىللىقتىن كېيىنكى سالمىقى ئېغىر سۆز .

▲ نېمىشقا شۇنچە تېز قېرىپ كېتىدىغاندىمىز ؟
- باشقىلارنى قېرىتىپ بولالماي .
- نېمىشقا جەننەتنى تا ھازىرغىچە قۇرۇپ بولالمايمىز ؟
- ئەسىرلەردىن بۇيان يول ئاچقۇچىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن .
- نېمىشقا ئازابتىن قۇتۇلالمايدىغاندىمىز ؟
- ئۆز-ئۆزىمىزدىن قۇتۇلالمىغاچقا .
- ھەممە ئادەم ئالدىراشقۇ ؟
- ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىككىنچى ئىسمى تۇرسا .
- نېمىشقا بەختلىك بولالمايدىغاندىمىز ؟
- باشقىلار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلغاچقا .
- نېمىشقا سۆيۈشكە ئېرىشەلمەيمىز ؟
- ئۆز تەقدىرىمىزنى بىلمىگەچكە .

▲ ئاقىل بىلەن نادانغا ئوخشاشلا سۈكۈت قىلىمىز . ئاقىل سۈكۈت قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر ،نادان سۈكۈت قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر .

▲ ساختىپەز كىشىلەر چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى كۆپ قىلىدۇ .

▲ ھوقۇقىنى بىلمىگەنلەر قۇل بولىدۇ .

▲ ئادەم مەقسەت . ئۇ ۋاسىتىگە ئايلىنىدىكەن قىممىتىنى يوقاتقان بولىدۇ .

▲ ۋاقىت تارىخنىڭ غالىبلارغا بەختكە قارىتىپ يېزىپ بەرگەن يول خېتى .

▲ قەھرىمان پۇرسەتنى بىلىدىغان باتۇر كىشىدۇر .

▲ ھەممىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم ئۆزىنى

تاشلىۋەتمسۇن . ئۆلۈك نىمىگە يارايتتى دەيسلەر !

▲ هۆكۈمرانلار ساداقەتنىڭ نىمىلىكىنى بىلمىگەندەك بويسۇنغۇچىلارمۇ قانۇننىڭ نىمىلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ .

▲ نادانلارئەڭ چوڭ توسالغۇ ،ئەمما ئۇلارنى دەسسەپ ئۆتمەي تورۇپ يۇقىرى ئۆرلىگىلى بولمايدۇ .

## هايات قىسمەتلىرى

▲ هازىرقى جەمئىيتىمىزدە ناخشا مۇزىكىنى ، ئۇسسۇل كىيىم - كېچەكنى چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىۋاتىدۇ .

▲ بىز نېمىشقا قۇل بوپقالدۇق ؟ سۆيگۈمىز غەرەزلىك بولغاچقا . ئەسلىدە سۆيگۈ غەرەزسىز بولۇشى كېرەك ئىدى .

▲ دۇنيادا ئەڭ ئادديىسى سەۋەب ، ئەڭ مۇرەككىپى نەتىجە .

▲ بارنى يوق دېگۈچىلەر ئىنسانىيەتكە ئەڭ كۆپ زىيان سالغۇچىلاردۇر .

▲ تەمەننا - ئەقىلگە قويۇلغان ئوت .

▲ ياخشىلارنىڭ يالغۇزلۇقى قىيامەتتۇر .

▲ شان-شەرەپ بىزگە ئىززىتىمىزنى ساقلىيالىغانغا قەدەر هەمراھ .

▲ ئەقىل گۈزەلدۇر ئەمما پىنھاندۇر .

▲ ئەرلەر دۇنيانى قولىدا مەهكەم تۇتۇپ تۇرالىغاندىلا ،ئاياللار بۆشۈكنى خاتىرجەم تەۋرىتەلەيدۇ .

▲ بەختنىڭ قۇياشى چىنلىق ، كۈچ-قۇدرىتى ئادالەتتۇر .

▲ ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ئىلىمنىڭ سىڭگىنى .

▲ ئىنساننىڭ مەنىسى گۇماندۇر ،ئەقىلنىڭ مەنىسى ئىماندۇر .

▲ قېيداش - باللارچە تەپەككۇر .

▲ ياخشىلارغا هەۋەس قىلىش - ئەڭ چوڭ بىچارىلىك .

▲ روهنىڭ چېنىقىش جەريانى هەقىقىي مەنىدىكى تەقدىرنىڭ تاكامۇللىشىش تارىخى .

▲ مۇهەببەت - يېڭىلىشتۇر .

▲ تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ هەقىقەت تۇمانى بىلەن سەپسەتىنىڭ داۋرىڭىدىن باشقا هېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم .

▲ قۇرۇق شەكىلچىلىك نادانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەسمايىسى .

▲ دىلدا قالغان سۆز كېيىن هەسەل ئەمەس ، زەهەر بولۇپ تامىدۇ .

▲ يوقىتىش بىلەن بىرگە ئېرىشىۋاتىمىز ، لېكىن بۇنى هېس قىلىپ يېتەلمەيمىز . مانا بۇ بىزدىكى تەلەيسىزلىك .

▲ شۇبھىسىزكى ، ئاتا-ئانىلار ئائىلىدىكى تاللاش ، شاللاش ۋە تاۋلاشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ياخشى ئورۇندىمايدىكەن ،جەمئىيەتتە يەنىمۇ ئېغىر پاجىئەلەر مەيدانغا كېلىدۇ .

▲ ئاجىز ئادەملەر هەمىشە تەگرىنى يۆلىنىۋېلىشنىڭ ، جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىدۇ . نەتىجىدە تەڭرى ، ئادالەت ،هەقىقەت تۇمانلار ئارىسىدا قالىدۇ .

▲ تەرەققىياتنىڭ چېگرىسى يېڭى ئىدىيىدە .

▲ ئالدىراش كىشىلەرنىڭ «تورمۇز »ى بوش كېلىدۇ ، ئىشلارنىڭ نەتىجىسى شۇڭلاشقا ئۇلار ئويلىغاندەك چىقمايدۇ .

▲ بىز هەمىشە هەقىقەتكە يۈتلىشىپ يىقىلىمىز ، لېكىن كۆپىنچە هاللاردا ئۇنى تاش دەپ تونۇپ قېلىپ تاشلىۋېتىمىز .

▲ ئەرلەرنى مۇهەببەت سىنايدۇ ، ئاياللارنى جەبىر-جاپا سىنايدۇ .

▲ سانسىزلىغان كىشىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەقلىنى هەتتا بىلىمىنى يەپ تۈگىتىپ ئاخىرى ئۇن-تىنسىز هالاك بولىدۇكەن . شۇڭا ئالىملارنى يەككە-يىگانە ئۇچراتتىم .

▲ ئالدانمىساڭ ئالداشنى ، سۆيۈلمىسەڭ سۆيۈشنى ئۆگىنەلمەيسەن .

▲ مەن يىقىلغىنىمدا يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ ، بىلەلمىگىنىمدە بىلىشنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم .

**- ئابدۇرېھىم قادىر**

ئاپتور : لوپ ناهىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بۇرۇن نامرات كىشىلەر يېرىم يالىڭاچ يۈرەتتى ، هازىر باي كىشىلەر (باي خېنىملار )يېرىم يالىڭاچ يۈرۈدىغان بوپكەتتى .

▲ بۇرۇنقى كىشىلەر پۇل-مېلىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن پۇتىدىن تارتىپ بېشىغىچە نەچچە قات تون-سەرۇپايلارنى كىيىشەتتى . هازىرقى كىشىلەر (خانىم-قىزلار )پۇل-مېلى (ئۆزى )نى كۆز-كۆزقىلىش ئۈچۈن ئانىسىدىن تۇغما هالەتكە ئۆتۈشكە ئاز قالدى .

▲ ئادەمنىڭ سىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ، ئۇياتلىق يېرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىنمۇ يامان .

▲ ئۆزىنى يوشۇرۇن ئازابلىغان ئادەم بىر بولسا يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ ، بىر بولسا ساراڭ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

▲ ئادەم ئاياللار بىلەن ئادەم ھەم ئايالار بىلەن ھايۋاندۇر .

- مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز «قىزلىرىمىزنىڭ چاچلىرى قىسقىراپ كەتتى» دەپ ناھايىتى جىق قاقشىدۇق . بىراق مۇشۇنداق دېيىشتىن ئىلگىرى بۇرۇتلىرىمىزغا، يېنىمىزغا ئاسقان پىچاققا دىققەت قىلىپ باقمىدۇق .

▲ قىزلار تەرەپتە تۇرسام «غۇر ۋرلۇق ئەركەك» بولدۇم، مىللەت تەرەپتە تۇرسام «سىياسەتۋاز» بوپقالدىم .

▲ يانچۇقچىلاردا بار ئىتتىپاقلىقنى يازغۇچى ، ئالىملىرىمىزدىن تاپماق ھەقىقەتەن تەس .

- ئوبۇلقاسىم مۇھەممىدىي

ئاپتور : ئۈرۈمچى شەھىرى «ئۇلتاش» تىل تەربىيىلەش مەركىزىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

▲ «قىزىم ئۇنداق بوپكەتتى ، ئوغلۇم مۇنداق بوپكەتتى» دەپ گۇناھنى بالىغا ئارتماي ئۆزىمىزگىمۇ ئارتايلى ! چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ تەربىيىلىگەن بالىلىرىمىز ئەمەسمۇ ؟

- ئابدۇكېرىم ناسىر ( مىسكىن )

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىسىدا ، دېھقان

## تەپەككۇر غەلىيانلىرى

▲ 21 ـ ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇشبۇ ئەسىردىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇچۇر تاجاۋۇزچىلىقى بولىدۇ .

▲ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئايالار بۇزۇلغان ئەلنىڭ كەلگۈسى ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ .

▲ ئەرلەر ناچىنىسقا ئايلانغان ئەلدە ئايالار پاھىشىگە ئايلىنىدۇ .

▲ قانۇننى ئىككىلا كىشى بۇزۇشقا قادىر : بىرى ساراڭ ، يەنە بىرى سىياسىيئون .

▲ ئايالارنى كونلەشنى بىلمىگەن ئەرلەر ئايالارنىڭ بۇزۇقلۇقىغا يول راسلاپ بەرگەن بولىدۇ .

▲ قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىدىكى مۇھەببەت ئايغى چىقماس ئويۇن ، چىقتى دېگەندە ـ ئازاب ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى .

▲ ئۆلۈم ـ ئىنساندىن ئىبارەت تېپىشماقنىڭ جاۋابى .

▲ پارىخورلۇق ئەۋج ئالغان ئەلدە پاكلىق جىنايەت .

▲ بۇ دۇنيادا مەنپەئەت دېگەن نەرسە كىشىلەرنىڭ يولىغا قويۇلغان ئېزىتقۇ .

▲ مەن ھازىر ھېس قىلىۋاتىمەنكى ، مەن كۈچۈم ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىش ، ئۆزۈڭدىن بۇيان ئازابلىنىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئىكەن .

▲ «ئايالار قانداق ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ سورىغاندىن كۆرە ، قانداق ئايالار قانداق ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ، دەپ سورىغان تۈزۈكرەك .

▲ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ھەقلىق ئازاب ـ تار مەنىدىن مىللەت ئۈچۈن ، كەڭ مەنىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن خورلىنىش ئازابىدۇر .

▲ ئىنسانلارنىڭ ھۆرۈنلۈكى ئۇلارغا تەرەققىياتنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرغان بولسا ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇلارنى تەرەققىياتنىڭ ئۆزىگە باشلىغان . ۋەھالەنكى تەرەققىيات بولسا ئۇلارنى ھالاكەتكە قىستىماقتا .

▲ تاڭ شۇەنزاڭنىڭ سۇنۇۋكۇڭنىڭ بېشىغا ئالتۇن چەمبىرەك سېلىپ تىزگىنلىگەنلىكى ، يارىماسلارنىڭ قابىللارنى باشقۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ ؟

- نۇرمۇھەممەت ئابدۇررەھمان

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا ، دېھقان

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ خەرىتىدىكى ماسشتابقا قاراپ پەخىرلەنسەم ، چېگرا بەلگىسىگە قاراپ غەزەپلىنىمەن . . .

▲ ئۆزۈمنىلا ئويلىسام دۇنيادىكى ھەممە ئادەم شەخسىيەتچى ، سېنىلا ئويلىسام دۇنيادىكى ھەممە ئادەم تاش يۈرەك ، ئىككىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ خىيال قىلسام ، دۇنيا ماڭا جەننەت بىلىنىدۇ .

▲ ئادەم ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەچكىلا ، باشقىلار ئالدىدا قەدىرسىز بولىدۇ .

▲ غادايغانلارنى غادايتقان ئېگىلگەن بويۇن .

▲ ئالىملار مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى ، زالىملار مىللەتنىڭ چۈلىكىدۇر .

▲ ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتتىكى ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى : ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ۋىسال تەشنالىقىدا خۇدىنى يوقىتىش ، قىزلارنىڭ مۇھەببەتتىكى ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى : ئوغۇللارنىڭ شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىش .

- ئوسمانجان ئوبۇل

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئۇچۇر تېخنىكا فاكۇلتېتى كومپيۇتېر 2002 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ باينىڭ ئۆلمىكى ھەسرەت، پادىشاھنىڭ ئۆلمىكى پىتنە، كەمبەغەلنىڭ ئۆلمىكى راھەت، ئالىمنىڭ ئۆلمىكى زۇلمەت، ئەمەلدارنىڭ ئۆلمىكى چاۋاك.

▲ ئۆلگەن ئادەمگە خۇشھال بولۇپ، ھايات قالغانلارغا يىغلاش كېرەكمىكىن، دەيمەن. چۈنكى ئۆلگەنلەر پىتنە قاپلىغان، ھەققانىيەت بولمىغان بۇ دۇنيادىن راھەتلىك ماكانغا كەتتى ئەمەسمۇ.

▲ جياڭ جېشى تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى مەغلۇبىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىغانمىش: 1. قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرى پارىخورلىشىپ كەتكەنمىش؛ 2. خەلقتىن ئايرىلىپ قالغانمىش.

▲ تارىخىي كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆرسەم، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا قوللانغان سىياسىتى: مائارىپ ھوقۇقىنى بەرمەسلىك، مەتبۇئات ھوقۇقىنى بەرمەسلىك، دىنىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىش، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئىكەن؛ شېڭ شىسەينىڭ بولسا: مائارىپ ھوقۇقىنى بېرىش، ئەمما مائارىپنىڭ رولىنى بەرمەسلىك، مەتبۇئات ھوقۇقىنى بېرىپ، گېزىت-ژۇرنال چىقىرىپ بېرىش، ئەمما ئۇنى قانداق چىقىرىشقا يول قويماسلىق ئىكەن.

— ھەبىبۇللا لېتىپ

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا كىچىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## قانلىق قاداقلار

▲ دۇنيادا ئىككى خىل كىشى بار: بىرى، قانۇن تەرىپىدىن سېلىنىدۇ، يەنە بىرى نادانلىقتىن سېلىنىدۇ.

▲ پاھىشىلەر تېنىنى سېتىپ پۇلغا ئېرىشىدۇ، مۇناپىقلار ئۆزىنى سېتىپ پۇلغا ئېرىشىدۇ. مانا بۇ، بىر خىل ماھىيەت ۋە ئىككى خىل پەرقتۇر.

▲ ئېلىمىزدە يوق نەرسىلەر سەن ئەڭ ياخشى كۆرۈۋدىغان نەرسىلەردۇر.

▲ ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق سېلىنغان زۇلۇم ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

▲ قانۇن ئورگانلىرىنىڭ سوتى ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەملىكىڭگە باھا بەرمەكچى بولساڭ، ئۆزۈڭدىكى ئەڭ ساپ ئىنسانىي تۇيغۇغا ئەڭ ئىلمىي ھاقارەت قىلغان بولىسەن.

▲ قارامىلىق پەۋقۇلئاددە غەلىبە ۋە پەۋقۇلئاددە مەغلۇبىيەتنىڭ تۇغقۇت ئانىسىدۇر.

▲ مۇنداق ئىككى خىل ھاكىمىيەت ئاسانلىقچە قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ. بىرى، خەلقنى ھەددىدىن زىيادە بىخۇتلاشتۇرىۋەتكەن، يەنە بىرى، خەلقنى ھەددىدىن زىيادە ئاچ-زارلىقتا قويغان.

▲ پۇت-قولۇڭغا كىشەن سېلىنسا يول ماڭمىقىڭ تەسكە چۈشكەندەك، ئىدىيەڭگە كىشەن سېلىنسا پىكىر قىلمىقىڭ تەسكە چۈشىدۇ.

▲ قوشنىلارنىڭ سەممىيىتى ساڭا بىر قاچا تاماق سۇنغاندىكى تۇرقىدا ئەمەس، بەلكى سەن تالاپەتكە يولۇققاندىكى قىلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

▲ بىراۋغا ھەددىدىن زىيادە يول قويۇشنىڭ زىيىنى مۇنداق ئۈچ خىلدۇر: بىرىنچىسى، ئۆزۈڭنىڭ مېڭىش يولۇڭنى تامامەن ئېتىپ قويىسەن، ئىككىنچىسى، ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالىسەن، ئۈچىنچىسى، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن.

▲ ھازىر زامانىۋى قوراللار كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ ئىنسانىيەتكە تەھدىت ئېكەلگەندەك، ساختا نەزەرىيىلەر كۆپلەپ «ئىشلەپچىقىرىلىپ» مەنىۋىيەتكە تەھدىت ئېكەلمەكتە.

▲ سادام بىلەن بۇشنىڭ بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىدىن مەلۇم بولدىكى، داھىيلار بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشسا، ئۇنىڭ قۇربانى يەنىلا بىگۇناھ پۇقرالار بولىدۇ.

▲ سەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ۋاقتىڭدا، ئاشۇ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىڭنىڭ ئۇلىغا ئوبدان نەزەر سال.

▲ قونچاق ئويۇنىنى بىرگە باللار ئەپلەشتۈرىدۇ، يەنە بىرگە سىياسىي داھىيلار ئەپلەشتۈرىدۇ.

▲ ئاياللار گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. ئەرلەر پەقەت گۈزەللىكنى ئاياللار ئارقىلىق ھېس قىلالايدۇ.

▲ ئاياللارنى باش ئەگدۈرىمەن دەيدىكەنسەن، ئەڭ ئاۋال ئۆزۈڭ ئۇلار چوقۇنىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ مەبۇدقا ئايلىنىشىڭ كېرەك.

▲ ئاللا تەرىپىدىن ئاياللارغا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي مۇكاپات — پاكلىقتۇر. قاچانكى ئاياللار بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىسە، ئۇلارنىڭ قەۋمى گۇمراھلىققا قەدەم قويىدۇ.

▲ ئاياللار ئانىلىق ھوقۇقىغا پەرۋاسىز قارىغان ئەل پەرزەنتلىرى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كۆپ يېتىملىك دەردىنى تارتىدۇ.

▲ ئاياللار ئەرلەرنىڭ شەرىپىگە ئېرىشكەندە قەددىنى رۇسلايدۇ. ئەرلەر ئاياللارنىڭ شەرىپىگە ئېرىشكەندە خۇدىنى يوقىتىدۇ.

▲ ئاياللار غەزەپلەنسە دۇنيا تىترەيدۇ. ئەرلەر غەزەپلەنسە بەدىنى تىترەيدۇ.

▲ ھەقىقەت كىمنىڭ قولىدا بولسا، ئۇنىڭ

www.uighurkitap.com

سەپسەتىسىمۇ ھەقىقەت دەپ قارىلىدۇ .

▲ دەۋرىمىزدە قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغىنى ئاشخانا ،رېستوران ،تانسخانا ،دىسكوخانا . . .لاردۇر ، ناگاندا بىر ئۇچرايدىغىنى كىتابخانىدۇر . شۇنداقتىمۇ ئاشخانا ، قاۋاقخانا ، رېستوران ، تانسخانا ، دىسكوخانا . . .لار ئاۋاتلاشقان ، كىتابخانىلار خارابلاشقان . . .بۇ رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى ،نېمە كۆزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىپ تۇرسا ، شۇنەرسە روھىيەتكە ئەڭ كۆپ تەسىر كۆرسىتىدۇ .

▲ نامراتلار ئەقىدىسىنى بايلارغا باغلايدۇ ، بايلار ئەقىدىسىنى پۇلغا باغلايدۇ . مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھېچقاچان بىر نۇقتىدا ئۇچرىشالمايدۇ .

▲ قەسەمخورلارنىڭ قىلىشى بولمىغاچقا ،تولا قەسەم قىلىدۇ .

▲ ئىشەنچلىكنىڭ مەلۇمات رەقىبىڭنىڭ ئاغزىدىن ھېيلە بىلەن ئېلىنسا ، تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ .

▲ ئەڭ گەۋدىلىك خاتالىق ھېچكىمگە نەپ بەرمىگەن خاتالىقتۇر .

- مەھمۇتجان ياتاق

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەقىل قەترىلىرى

### ئۆزگىرىش

▲ مەن بۇرۇن « خەلق سۇ ، ئەمەلدارلار كېمە ، سۇ كېمىنى ماڭغۇزالايدۇ ھەم ئۆرۈۋېتەلەيدۇ » دەپ ئاڭلىغانىدىم .

بىراق ھازىر قارسام ، خەلق يەنىلا «سۇ» بولۇۋېرىپتۇ ،ئەمەلدارلار «ئەبجەق كېمە »بولۇشتىن بەتھەيۋەت «توغان »لىققا تەرەققىي قىپتۇ . . .

### ھېكمەت

رېئاللىقتىن زارلىنىغانلار كەلگۈسىنىڭ قۇربانى بولىدۇ . مانا بۇ ، تارىخ تامغىسى بېسىلغان ھەقىقەت .

### ئېچىنىش

بىلەي تاش گال پىچاقنى شەمشەر قىلدىيۇ ، ئۆزى بىرۋاراق قەغەزنىمۇ كېسىشكە قادىر بولالمىدى .

### ئىنقىلما

كۆڭۈل ياخشىلىقىمۇ ،يامانلىقىمۇ ،مۇھەببەت ھەم پاسىقلىقىمۇ سىغىۋېرىدىغان «ئەبجەق ساندۇق » .

### مەنسەپ

مەنسەپ - پۇلى ۋە يولى بارلار ئېرىشەلەيدىغان ، يولى ، يۈزى يوقلار تەلمۈرۈدىغان ، ئاۋام پۇقرا «خوش-خوش » دەيدىغان ، «دىيانەت » مەملىكىتىدىن قوغلانغان ھېيلىگەر سەتەڭ .

- نۇرئەلىجان مۇھەممەت

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تۈن تىۋشلىرى

▲ باشقىلار ياساپ بەرگەن يولدا يۈرۈپ مەنزىلگە يېتەلەيدىغان ئىش بولسا ئىدى ، بىرىنچى بولۇپ ئاجىزلار ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ بارغان بولاتتى .

▲ ئايالارغا ئەركىنلىك ھەددىدىن زىيادە بېرىلگەندە ، ئەرلەر مەھبۇسقا ئايلىنىدۇ .

▲ ئايالار ئۈستىدىن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلار ئايالار ئۈستىدىن ئەڭ كۆپ شىكايەت قىلىدۇ .

▲ سۈكۈت - كۈچلۈك قارشىلىقنىڭ يوشۇرۇن باسقۇچى .

▲ سېنى بىھۇدە ماختىغانلارنىڭ سۆزىگە ئەمەس ، كۆزىگە قاراپ باق .

▲ دۈشمەنگە بىر قېتىم پۇرسەت بەرگىنىڭ ،بىر قېتىم يېڭىلگىنىڭگە باراۋەر .

▲ ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىش ئاجىزلارنىڭ ئۆز خاتالىقىنى يوشۇرۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى .

▲ ھەقىقەتنى بىرلا قېتىم سۆزلە ،ئۇنىڭدىن كۆپ داۋراڭ قىلىۋەرسەڭ ئۇ سەپسەتىگە ئايلىنىدۇ .

▲ ئۆز ئاجىزلىقىڭنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئالدىدىمۇ ھېس قىلالمىساڭ ،ئۇ ھالدا سەن مەڭگۈ باشقىلارنىڭ سايىسى بولۇپ ياشايسەن .

▲ ئۆز قەۋمىنىڭ شادلىقىغا كۈلۈپ ، قايغۇسىغا ئورتاقلىشالمىغان مەتبۇئات ئۆز قەۋمىنى ھالاكەتكە باشلايدۇ .

▲ ئادەملەر قول يەتمىگەن يەردىكى شاپتۇلنى ئاچچىق دەپ ئۈزۈپ يېيىشكە پېتىنالمىغاچقا ، قول يەتكەن يەردىكى شاپتۇلنى ئالىشىپ يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن .

▲ دېھقانلارغا سۆزلەش ھوقۇقى بېرىلسە ئىدى ، نۇرغۇن كىشىلەر شۇندىلا ھاياتنىڭ ئۆز ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولاتتى .

▲ زىيان تارتمىغان ئادەم بىلەن ئۆلپەت بولما ، بولمىسا پۇشايمانغا قالىسەن .

- قاسىمجان ئەمەت

ئاپتور : ئاقتوناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ كىتابخانىنى يوقلاپ تۇرساڭ غەپلەتتىن

ئويغىنىسەن. قاۋاقخانا، دىسكوخانىلارنى يوقلاپ تۇرساڭ ھايۋانلىق تەبىئىيتىڭنى تاپىسەن. قەبرىستانلىقنى يوقلاپ تۇرساڭ گۇناھقا ئازراق پاتىسەن. يېزا-قىشلاقلارنى ئارىلاپ تۇرساڭ يوقاتقان نەرسىلىرىڭنى ئىزدەپ تاپىسەن.

— ھەمدۇللا ھۇردىللا

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ مەن ئۇزۇن يىللار سىناش ئارقىلىق ئەڭ ۋاپادار، ئەڭ سادىق دوستلارنى ئاران تاپتىم. ئۇلار كىم دېدىڭىزما؟ ئۇلار ھايۋانلار بىلەن قۇشلاردۇر.

— زۇلپىيە

ئاپتور: كورلا شەھىرى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ مالىيە خادىمى

## پىنھان ئۇچقۇنلار

▲ داۋاملىشىۋەرسە، ئەسلىدىكى خاتا ئىشمۇ ئادەمگە توغرىدەك بىلىنىدىغان بوپقالىدىكەن.

▲ پايدىلىنىشقا توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ بىلمەسلىكىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

▲ بىز پەقەت زىيان تارتقان چېغىمىزدىلا ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلايمىز.

▲ باشقىلاردا قانچىلىك ئېلىشىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا ئۆز ئالقىنىڭدىكى پۇل.

▲ ئۆز ئەركى بىلەن قىلىنغان ئىش ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىشتۇر.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىڭگۇەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا ئىشلەيدۇ

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ دۇنيادا بىر-بىرىگە ئىنتىلىپ ياشاش — ئىنتايىن شېرىن ۋە ئازابلىق. مانا بۇ دەل مۇھەببەت.

▲ دوستلۇق ئۇزارغانسېرى كۈچىيىدۇ، مۇھەببەت بولسا سۇسلىشىدۇ.

▲ ئاياللار كۈندە تاماق ئېتىدۇ، بىراق ئەڭ داڭلىق ئاشپەز — ئەرلەر.

ئاياللار ئۈچۈن رەڭگارەڭ كىيىم-كېچەك دۇنياسى ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، كۆڭلىنى ئاچىدىغان ۋە ئۆزلىرىنى نامايان قىلالايدىغان مەيدان. بىراق ئاشۇ كىيىملەرنى لايىھىلىگۈچىلەر يەنىلا ئەرلەردۇر.

— مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى ئاساسلىرى كافېدراسىنىڭ مۇئەللىمەسى

## ئۆزۈك تىنىقلار

▲ بىراۋغا ۋەدە بېرىش — ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك نوپۇزىنى ئۇنىڭغا گۆرۈگە قويۇش دېمەكتۇر.

▲ نادانلىق ئىچىدىكى باياشادلىق — ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن بوردىلىۋاتقان كالىنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايدۇ.

▲ پەقەت 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇلغاندىلا ئاندىن «دۆلەتنى قانۇن ۋە ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» چاقىرىقىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا قاراپ، ئۆتكەن كۈنلەردە قانۇنىڭ شۇ قەدەر بىچارە، ئەخلاقنىڭ شۇ قەدەر پۇچەك، مىللەتنىڭ شۇ قەدەر پاسىق، جەمئىيەتنىڭ شۇ قەدەر چىرىك بوپكەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى يەنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم.

▲ سىياسىي بۇرۇقتۇرما ماكان گويا نىجاسەت كۆلچىكىگىلا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ يەر پەقەت بىر توپ چىۋىنلەر بىلەن پارازىت قۇرتلارنىڭلا جەننىتىدۇر.

▲ بىزدە ئۇششاق ئىشلارنى ياراتماي، چوڭ ئىشلار قولىدىن كەلمەيدىغان غىلجىڭ ئەرلەر بىلەن ئۇششاق ئىشلاردىن باش كۆتۈرەلمەي، چوڭ ئىشلارغا چولىسى تەگمەيدىغان ئاياللار تولا. شۇڭا چوڭ ئىشلىرىمىز بىخ ھالىتىدە يىگىلەپ قالغان.

— يۇسۇپجان ئىسمائىل قاراتېكىن

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە ئاقساراي يېزا ئۆتەڭ كەنتىدە، دېھقان

## كىشىلىك ھاياتتىكى «ئەڭ»

1. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ بايلىق سالامەتلىك.
2. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا كەڭ قورساق بولۇش.
3. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ بىچارە مىجەز ئۆزىنى كەمسىتىش.
4. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ دۈشمەن ئۆزى.
5. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت مەنمەنلىك.
6. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ نادانلىق ئۆزىنى ئۆزى ئالداش.
7. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ ھەسرەت ھەسەتخورلۇق.

8 . كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق ئۆزىنى تاشلىۋېتىش .

9 . كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ قەرزدارلىق ئىنساني مۇناسىۋەت .

11 . كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ دىل ئاراملىق تەقدىم قىلىش

- ئابدۇزاھىر قادىر

---

ئاپتور : كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

* * *

▲ تەھدىت قارشىلىقسىز ھالاك قىلىش بولۇپ ، كۆپىنچە ئادەملەر تەھدىت ئالدىدا ھەممىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ .

▲ رەقىبلىرىڭنىڭ كۆپ بولۇشى قورقۇنچلۇق ئەمەس ، ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى - سېنىڭ ئۇنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى دوستلۇق ،مېھىر-شەپقەتلىرىنى سۆيگۈ ،يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنى قەدىناسلىق دەپ بىلىپ ، ئۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلمىغىنىڭدۇر .

- ئادالەت ياسىن

---

ئاپتور : ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا

ھەممە بىرنىيەت ، بىر مەقسەتكە كەلسە ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ !

▲سەرخىللاردىن بولۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ ، ئەمما سەرخىللىق توغرىسىدا ھەق گەپ قىلغانلار ئۇجۇقتۇۋاتىدۇ . . .

▲خۇشامەت - كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئازابلىق كۈلكىدۇر .

▲ساختىلىق - تەرەققىياتنى بۇرمىلايدىغان «يېڭى» تەرەققىياتتۇر .

▲ ھەسەت - ھەقىقەت ئۈستىدىن ئاچچىقلانغان كۈلكىدۇر .

▲خۇشامەت - باشقۇرغۇچىلارنىڭ قامچىسىدۇر .

- مۇھەممەتجان جېلىل

---

ئاپتور : باينغولىن ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇرلەردىن تەرمىلەر

▲ بايلىقنى يوقاتقان مىللەت قۇدرىتىنى يوقاتقانغاباراۋەر. مەنىۋىيىتىنى يوقاتقان مىللەت مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتقانغا باراۋەر .

▲تەڭسىزلىككە قارىتا سۆزلىشىشكە يول قويۇلمىسا ، مۇشتلىشىش كېلىپ چىقىدۇ .

▲ ھەقىقانىيەت ئىنسانىيەتنى قوغدىيالمايدۇ . پەقەت ئىنسانىيەتلا ھەقىقانىيەتنى قوغدايدۇ .شۇڭا ھەقىقانىيەتكە مۇراجىئەت قىلىش نادانلىقنىڭ بەلگىسى .

▲ رىقابەتتە رەقىبىڭگە يول قويساڭ ، پەزىلىتىڭنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ .يېقىتقاندىن كېيىن يۆلەپ قويساڭ ،ئالىجاناب ۋە مەردانىلىقىڭغا ئاپىرىن .

- تۇرسۇن ئىنايەت

---

ئاپتور : بۈگۈر ناھىيە چۈمباغ يېزا ئاقساي كەنتىدە ،دېھقان

* * *

▲ ئىنسان ئۆلۈمدىن قورقۇش بىلەن ئۆلىدۇ ، قورقماسلىق بىلەن قۇتۇلىدۇ .

▲ پۇل رەزىل ئەمەس ئىنسان رەزىل ، چۈنكى ئىنسان پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ .

▲جاپاسىز تۇرمۇشتىن ئالدىراپ خۇشاللىنىپ كەتمە ،ئۇ تىنىمسىز ھەرىكەتتىن توختىتىدىغان تىنچلاندۇرۇش دورىسى بولغىنى بىلەن كۆلپەتلىك كۈنلەرنى ئاۋازسىز چىللايدىغان خورازدۇر .

- ئابدۇرېشىت ئەمەت

---

ئاپتور : قۇمۇل ۋىلايىتى 1-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ كىشىلەر ئېتىقادىغا «قۇرت» چۈشكەندە پەسەنت قىلىشمىدى ،دەل-دەرەخ ،زىرائەتلىرىگە «قۇرت» چۈشكەندە بولسا ، «پۈتى كۆيگەن توخۇ» دەك پىتراپ كېتىشتى .

▲ زېمىن «مېھمانخانا» ، «ئىنسانىيەت» «مېھمان» ،ئۇنداقتا «ساھىبخان» كىم ؟

▲بىراۋ سېنى خاتالاشتىڭ دېگەندە ، ئۇنىڭ توغرا-خاتانى ئايرىشتىكى ئۆلچىمى ھەققىدە ئويلاپ كۆر .

▲ غەپلەت باسقان قەلب - شەيتاننىڭ ئەڭ ياخشى پائالىيەت سورۇنىدۇر .

▲ئىنسانىيەت ئۆمۈر بويى موھتاج بولغۇچى ، ئەسلا تەمىنلىگۈچى ئەمەس .

▲دۇنيادىكى تۈرلۈك بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپكى مەنبەسى - خاتا ئېتىقادتۇر .

▲ غايە - ئېتىقادلاشقاندىلا ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ .

- روزىتوختى نايىپ

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ كۆزلىگەن ئادەمگەدىن گۇمانلانغان چاغدا ئاساسسىز ئالدىراپ گەپ قىلما، بولمىسا ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولىسەن.

**- مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇللا**

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە دېھقانچىلىق پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ ئەسەبىي ياخشى كۆرۈش ئەرلەرنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرىدۇ، ئاياللارنىڭ نازاكىتىنى ئاشۇرىدۇ.

▲ ئەرلەر ئۆزى ياخشى كۆرگەننى، ئاياللار ئۆزىنى ياخشى كۆرگەننى تاللىسۇن.

▲ ياخشىلىققا ياخشىلىق تەلەپ قىلىش - جازانىخورلۇق.

▲ ئەخلاق بۇزۇلغانلىقتىن قانۇن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر قانۇن بۇزۇلسا دۆلەت گۇمران بولىدۇ.

▲ خەلقنى پۇل ۋە بايلىققا ئىنتىلدۈرۈپ قەھرىمانلىقنى ئۇنتۇلدۇرۇش ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى.

▲ ئەسلى ئىسمىم «نامەرد - يالاقچى» ئىدى، ھازىرقى ئىسمىم «مۇناسىۋەتشۇناس». ۋاقىپ بولغايسىلەر.

▲ سادام باغداد كوچىسىدا تىك تۇرۇپ ئۆلگەن بولسا، ئۇ كىشىلەر ئۇنتۇمايدىغان ھەقىقىي «ئەرەب رەھبىرى» بولغان بولاتتى.

▲ بىر تالاي ھېكمەتلىك سۆزدىن بىر تېمىم ئاچچىق تەر ئەۋزەل.

**- ئوبۇلقاسىم نۇرئەخمەت (سەۋدائىي)**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## زامان ئۆزگەرمەكتە

▲ ھۆسن تۈزەش دۇكانلىرىنىڭ شۇقەدەر ئاۋۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، زاماننىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا، ئاياللىرىمىزنىڭ سەتلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي ئامالىمىز يوق.

قانۇنلۇق پاھىشىخانىلارنىڭ شۇقەدەر ئاۋۇپ كەتكەنلىكىگە، يۇقرالار ئەخلاقىنىڭ كۆچەپ تەكشىلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ زاماننىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا، ئەخلاقىمىزنىڭ چىرىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي ئامالىمىز يوق.

رېستوران ۋە قاۋاقخانىلارنىڭ شۇقەدەر ئاۋۇپ ۋە ئاۋاتلىشىپ، كىتابخانىلارنىڭ چۆلدەرەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ زاماننىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا، كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى بېيىتىش ئېھتىياجىدىن كۆرە ئاشقازىنىنىڭ ئېھتىياجىنى بەكرەك ئويلىشىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي ئامالىمىز يوق.

قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش چاقىرىقىنىڭ قانچە كۈچەپ توۋلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي پۇقرالار ئۆز ھوقۇقىنى قوغداشتا قەدەممۇ بىر دوقالغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ زاماننىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا، قانۇننىڭ بىر قىسىم «يۇقىرى قاتلام» ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي ئامالىمىز يوق.

**- يۈسۈپجان مۇھەممەت**

ئاپتور: ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى

* * *

▲ شۇنى بىلىش كېرەككى، ماختاپ خۇشامەت قىلغۇچىلاردىن ھەرقانداق ۋاپاسىزلىق ۋە بالا-قازا كېلىشى مۇمكىن؛ ئارقىدىن غەيۋەت-شىكايەت قىلغۇچىلاردىن مېھىر-ۋاپا كېلىشى مۇمكىن.

▲ ھايات سەپىرىدە «دوست» دېگەن ئادەم دۈشمەنگە ئايلىنىشى، «دۈشمەن» دېگەن ئادەم دوستقا ئايلىنىشى مۇمكىن. خۇددى ئۆز قوشۇنىدىن خائىن، دۈشمەن قوشۇنىدىن بەزىدە ھەقىقىي ئىنقىلابچى چىققانغا ئوخشاش.

**- ئابدۇللا شەمشىت**

ئاپتور: باي ناھىيە بازىرىدا، پېشقەدەم مائارىپچى، ھازىر پېنسىيىدە

▲ ئەگەر ئىمكانىيەت بولغان بولسىدى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئۇرۇمچىدىكى چوڭ-كىچىك مېھمانخانىلارنى ئايلاندۇرۇپ كەلسەم دەيمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، خېلى كۆپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق «قىزلىرى»نى، بەزىلىرى ئەرلىرىنى، ئاز بىر قىسمى خوتۇنلىرىنى شۇيەردىن تېپىۋالغان بولاتتى.

**- ئالىمجان سىراجىددىن**

ئاپتور: «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»نىڭ قوغداش خادىمى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ يالۋۇرۇش - ئاجىزلار ۋە ئالدامچىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى قورالى.

▲ ئىمان - ئېتىقادى سۇسلاشقان مىللەتنىڭ

ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۆزگىرىدۇ، تىلى شالغۇتلىشىدۇ، ئاستا-ئاستا ئۆز قەۋمىنى ئۇنتۇيدۇ.

▲ ئايالنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئەر بىر قولغا ياكى بىر جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ نادان ئادەملەردىن ھىيلە-مىكىرلىك ئادەملەر ياخشى، چۈنكى نادان ئادەملەر ھەقىقەتنى تونۇمايدۇ، ھىيلە-مىكىرلىك ئادەملەر ھەقىقەتنى تونۇيدۇ. ھەتتا ئاشۇ ھىيلە-مىكىر (غەيرىي ئەقىل) ئارقىلىق دۈشمەننى ئالداپ خەلقنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

▲ ئۆز ئوبرازىڭنى يۈكسەلدۈرەي دېسەڭ سەۋرچان بول.

▲ ئۆز ئاتا تىلىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن مىللەت كۆپ قىيتىم يېزىق ئالماشتۇرىدۇ.

▲ دىشۋارچىلىققا يولۇققاندا تەڭرىنى سېغىنىمىز، خۇشاللىققا ئېرىشكەندە تەڭرى تۇغقۇل ئۆزىمىزنىمۇ ئۇنتۇيمىز. مانا بۇ، بىزنىڭ پاجىئەگە كۆپ يولۇقىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

▲ شائىرلىرىمىزنىڭ شەيئىيلەرنى ماھىيەت جەھەتتىن تەھلىل قىلماي، ھېسسىيات نۇقتىسىدىن چۈشەنگەنلىكى خەلقىمىزنىڭ پەلسەپە نامراتلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

▲ خەتەرلىك ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلىش ئامالسىزلىق تۇغدۇرغان ئىرادە.

▲ ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەم ھامان باشقىلاردىن قەدىر-قىممەت تىلەپ، ئۆمۈر بويى زارلاپ ئۆتىدۇ.

▲ بىزدە قىزىقىش قوزغىيالمىغان نەرسىلەرنى كېرەكسىز دەپ قارايدىغان ھالەت بولغاچقا، باشقىلارغا كۆپ ھاجەتمەن بولىمىز.

▲ ئەپسانە - رىۋايەتلەر قايتا ئەسلەنگەن مىنۇتلار شۇدەۋردە ھەقىقىي قەھرىمانلارنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

▲ قايسى مىللەت ئىچىدە باتۇر، قەيسەر ئەمگەكچان ئەرلەر ئازىيىدىكەن، تېنىنى سېتىپ پۇل تاپىدىغان ئاياللار كۆپىيىدۇ.

▲ ئۆزى ئۈستىدىن شىكايەت قىلالىغان شائىرنىڭ قەلبى ھەقىقەت شولىسى چۈشكەن ئەينەكتۇر.

▲ ئادەم خۇشامەت كۆلكىسىنى كۆلگەندە ئەڭ سەتلىشىدۇ.

- قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياماندىيارىيېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ باشقا ئەللەرنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىدا ئىلىم-پەن، ئادىمىيلىك قىممەتنى قانداق ئاشۇرۇش كېرەكلىكى ئۈستىدىكى تەشۋىقاتنىڭ كۆپلىكى بىلەن بىزدىكى رادىئو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىدا بېرىلىۋاتقان جاراڭلىق ھاراق - ئىچىملىك ئېلانى بىلەن ئاتالمىش «بەدەننى كۈچلەندۈرۈش دورا» تەشۋىقاتى قاتارلىقلارنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ نومۇس بىلەن نومۇسسىزلىق، گۈللىنىش بىلەن زاۋاللىققا يۈزلىنىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەقىقىتىنى بىر ئاز چۈشىنىپ يەتتىم.

▲ ئۇرۇش ئارقىلىق دۇنيانى ئىگىلىيەلمىگەن ياپونلارنىڭ پەن-تېخنىكا ئارقىلىق دۇنيانى ئىگىلىشى، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلىشنىڭ بەخت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

▲ شەھەردە بىر ۋېلىسىپىتلىك ئادەمنى پىكاپى بىلەن سوقۇۋەتكەن تاكسى شوپۇرىنىڭ پىكاپىغا سوقۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئەمەس، بەلكى پىكاپىنىڭ ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى سىرى چۈشۈپ كەتكەن يېرى بىلەن بوپكەتكەنلىكىگە قاراپ، ھازىرقى جەمئىيىتىمىز كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە زادى نېمىنىڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

▲ سېنى بەختسىزلىككە ئۇچرىتالايدىغانلار بىرى ساڭا ئېرىشكۈچى، يەنە بىرى ساڭا ئېرىشەلمىگۈچىلەردۇر.

▲ قولىنى تەڭلەپ سەدىقە بېرىشنى تىلەش - تەلەپ قىلىش ئىپتىدائىي تىلەمچىلىكتۇر. رادىئو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق جامائەت ئاۋازى (تەشۋىقات ۋاستىلىرى)دا كۆرۈرمەنلەرنى تولىمۇ بىزار قىلىپ، توگىمەس ئېلان بەرگۈچىلەر زامانىۋى تىلەمچىلەردۇر.

- غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىسىدا(M1)



# ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتى ۋە شەھەردىكى غېرىبلىق

**ئادىل ئابدۇقادىر**

شەھەر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىختىرالارنىڭ بىرى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىپتىدائىي سودا مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان شەھەرلەر بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ تاكى ئىنسانىيەت بۈگۈنكىدەك ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرگىچە شەھەرلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىش بۆشۈكى بوپكەلدى. تارىخقا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىختىرا، نادىر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە ئۇتۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەردە بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار قايەردە شەھەر بەرپا قىلسا شۇيەردە مەدەنىيەت گۈللەنگەن. شۇڭا، شەھەرنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى دېيىشكە بولىدۇ. تىل ئېتمولوگىيىسى نۇقتىسىدىن تەكشۈرگەندىمۇ شەھەر

**بىز ياشاۋاتقان دۇنيا**

ۋە مەدەنىيەت يىلتىزداش ئۇقۇملاردۇر . مەسىلەن ، ئىنگلىز تىلىدىكى مەدەنىيەت مەنىسىدىكى civilsition دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى تومۇرى civi ، citiy بولۇپ ، ئۇنىڭ يۇقىرا ،شەھەر دېگەن مەنىسى بار .ئەرەب تىلىدىكى مەدەنىيەت سۆزىنىڭ تومۇرى بولغان «مەدەنى »سۆزىنىڭمۇ شەھەر دېگەن مەنىسى بار . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ شەھەر ۋە مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر-بىرىنى تەلەپ قىلىدىغان جەريان .

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى دەسلەپكى شەھەرلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى نامەلۇم ، ئەمما ئۇنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس . قەدىمكى ئىنسانىيەت تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللاردا ، ئىنسانلارنىڭ دەسلەپ كۆچمەن ،تۇراقسىز ھايات كەچۈرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ . شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇكى ، بۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئۆز ھاياتلىقىنى ياۋايى ھايۋانلار ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ خىيىمخەتىرىدىن قوغداش ۋە ئوزۇقلۇق تېپىش ،ئۇۋئوۋلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قورساق غېمىنى غەملەش بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شۇخىل ئېپتىدائىي ئېھتىياجىنىڭ زورىيىشى ،كېيىنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەپ كەلدى . ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياج قورۇلمىسى ۋە ئوبيېكتىنىڭ يېڭىلىنىشى ،كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تۆرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى ئىختىرالار بىلەن تولدى ،تەرەققىي قىلدى . ئىنسانلار تىرىكچىلىكنى ئۆگىنىپ مۇقىم ئولتۇراق ھايات دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن توپلىشىپ ياشاش جەريانىدا ئېشىنچە مەھسۇلاتلارنى ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇش ئاساسىدىكى ئىپتىدائىي سودىنى ياراتتى .ئىپتىدائىي سودىنىڭ بارلىققا كېلىشى شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە پىشاھلىق رول ئوينىدى .

شەھەرلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياج قورۇلمىسىدا يۇتۇنلەي يېڭىلىنىش بارلىققا كەلدى . شەھەر ياراتقان پۇرسەت ۋە رىقابەت ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى قورساق غېمىنى غەملەشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېھتىياجىنى ،ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەشتىكى بىرلەمچى ئورۇندىن ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى . ئىنسانلار تەدرىجىي ئەسلىدىكى قورساق غېمىنى غەملەشتىن پۈتۈنلەي ھالقىپ ، تەدرىجىي باشقىچە نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇشقا باشلىدى . نەتىجىدە شەھەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بالىياتقۇسىغا ئايلاندى . ئىنسانلار تارىختىن بۇيان ياراتقان ئەدەبىيات-سەنئەت ، ھەيكەلتىراشلىق ،رەسساملىق ،مۇزىكا ۋە ھەرخىل پەن-تېخنىكا ئىختىرالىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئەقىل-پاراستىنىڭ شەھەرلەر ياراتقان پۇرسەت ۋە رىقابەت بوشلۇقىدىكى پارتلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى .شەھەر ياراتقان پۇرسەت ۋە رىقابەت بوشلۇقى گەرچە ئىنسانلارنى مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي

ياراتقۇچىسىغا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇخىل پۇرسەت ۋە رىقابەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەھەرلەرنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ۋە تارىخىي شارائىتتىكى مەنىسى ،رولى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ھەجمىنى بەلگىلەپ كەلدى .

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى دەسلەپكى شەھەرلەر بەلكىم ئىپتىدائىي سودا مەركىزى بولغان بولۇشى ، شەھەرلەرمۇ ئەينى شۇ تارىخىي دەۋرلەرگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇشتىن باشقا ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن .شۇنداقلا ئۇ دەۋرلەردىكى شەھەرلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ھەجمىمۇ سودىنى مەركەز قىلىشتىن ھالقىپ كەتمىگەن بولۇشى مۇقەررەر .ئەمما دۆلەت ئۇقۇمى مەيدانغا كېلىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە سىنىپىي پەرق شەكىللەنگەندىن كېيىن شەھەرلەر تەدرىجىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى . بۇ چاغدا شەھەرنىڭ رولى زورايدى ھەم ئۇنىڭغا سىياسىي مەنە قېتىلدى . شەھەرلەر سودا مەركىزى بولۇشتىن باشقا ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەركىزى بولۇشتەك رولنى ئۆتەشكە باشلىدى .شەھەرلەردە ھۆكۈمرانلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئوردا قورۇلۇشلىرى سېلىنىپ ،شەھەرلەر تېخىمۇ كۆركەم قۇرۇلىدىغان بولدى . بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەدەنىيەت ھەجمىمۇ تەدرىجىي كېڭىيىشكە باشلىدى . كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ شەھەرلەر يەنە دىنىي مەركەز بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى .بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر سودا مەركىزى ، ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەركىزى ۋە دىنىي مەركەز بولۇشتىن ئىبارەت روللارنى ئۆتەيدىغان بولدى .بۇ ھال شەھەرلەردە مەدەنىيەت ھەجمىنىڭ كېڭىيىشىنى زور بوشلۇق بىلەن تەمىنلىدى .نەتىجىدە شەھەرلەردە مەدەنىيەت ،سەنئەت ،ئەدەبىيات زور دەرىجىدە گۈللەندى . 18-ئەسىردىن كېيىن سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەنە پەن-تېخنىكا ۋە سانائەت شەھەرلىرى قۇرۇلدى .پەن-تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى شەھەر ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەدەنىيەت ھەجمىنى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە كېڭەيتىۋەتتى . بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەردە دىن ، پەن-تېخنىكا ،سودا ،ئەدەبىيات-سەنئەت ، سىياسىي دېگەنلەر ئۆزئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتتى . شەھەرلەرنىڭ مەنىسىمۇ ئىلگىرىكىدەك روشەن ئىپادىلەنمەيدىغان بولدى . ھازىرقى زامان شەھەرلىرى ئەمەلىيەتتە شەھەرنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆتىگەن رولى ۋە مەنىسىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى .

سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ھازىرقى زامان شەھەرلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ شەھەرلەرنىڭ قىياپىتى ،جەلپكارلىقى ،نوپۇسى ۋە شەھەر پەيدا قىلغان پۇرسەت ۋە رىقابەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . شۇنداقلا پەن-تېخنىكا ،سودا ، ئەدەبىيات-سەنئەت ،سىياسىينىڭ شەھەرلەردە زىچ يۇغۇرۇلىشى ئۆزگىچە ھازىرقى زامان شەھەر

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شەھەر تىلغا ئېلىنسا ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كۆككە تاقاشقان قەۋەت-قەۋەت بىنالار، ئەينەكتەك تۈپتۈز ئاسفالت يوللار، مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرۇدىغان بىر-بىرىدىن كاتتا - ھەشەمەتلىك پىكاپلار، دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھەرۋاقىت كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرۇدىغان تۈرلۈك ناملاردىكى ۋېۋىسكىلار ئېسىلغان ئىدارە-ئورگانلار، كېچىلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇدىغان رەڭلىك چىراغلار، پۇل، ھوقۇق ۋە ئىمتىياز ۋەسۋەسىدە يۈرۈپ دەم ئېلىش ۋە خۇشاللىقنى ئۇنتۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ شەنبە، يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرىنى ئارامخۇداراق ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان باغچىلار، بىر-بىرىدىن ئالدىراش ياشاۋاتقان، بىر-بىرىنى تونۇمايدىغان ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۈرلۈك گۇۋاھنامە، نام-ئەمەل كارتىلىرىنى ھەرۋاقىت يانچۇقى ياكى سومكىسىدىن ئايرىمايدىغان مىغ-مىغ كىشىلەر توپى، بىر-بىرىدىن ھەيۋەتلىك ھەم غەلىتە ئىسىملار قويۇلغان كەچلىك كۇلۇب، مېھمانسارايلار، كاتتا كارخانا - شىركەتلەر كېلىدۇ. مانا بۇ بىز كۈندە دېگۈدەك تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان شۇنداقلا كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنىڭ كىچىككىنە كۆرۈنۈشى.

ئەمدى ھازىرقى زامان شەھەر تۇرمۇشى ۋە شەھەر مەدەنىيىتى تىلغا ئېلىنسا ئەڭ ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا پاكىز-رەتلىك كىيىنىپ ئالدىراش ئىشقا كېتىۋاتقان ياكى كوچا ئاپتوبۇسى ساقلاۋاتقان دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە شىركەت - كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى، قەۋەت-قەۋەت بىنالارنىڭ ئارىسىدىكى يېشىل چىملىقلار ياكى باغچىلاردا ھەرخىل بەدەن ساغلاملىق ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەۋاتقان بوۋاي-مومايلار، كۆرۈمسىز ئىت-مۈشۈك-لىرىنى قۇچاقلىرىدا كۆتۈرۈۋالغان ياكى يېتىلىۋالغان مودا خانىم-قىزلار، قىزىل چىراغقا توختاش تۈپەيلى ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ كەتكەن ماشىنىلار كېلىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە شۇلارغا ئەگىشىپ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھەرخىل كاتتا رېستوران، مېھمانساراي ۋە غەربچە تېز تاماقخانىلار، ئۆيەرلەرگە كىرىپ-چىقىپ تۇرۇۋاتقان ئېسىل بەگزادە سۆپەت كىشىلەر، بىر-بىرىدىن كاتتا نام قويۇۋالغان پەردازخانىلار ۋە ئۆيەردە چاچلىرىنى بوياش ياكى قاش-كىرپىكلىرىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ساقلىشىۋاتقان قىز-چوكانلار، كەچلىرى گۇڭگا چىراغلىرى يېنىپ-ئۆچۈپ تۇرۇدىغان بەزمىخانا ۋە قاۋاقخانىلار، ئۆيەردە «گىلدىڭ كومىلچى»نى يەۋېلىپ ئەبجەش مۇزىكىلارنىڭ رىتىمىدە ئۆز خۇدىنى يوقاتقانلارنىڭ غۇۋا سىماسى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەر شەھەرلەردە بولۇپمۇ مەركىزىي شەھەرلەردە ياشاشنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە شەھەر تۇرمۇشىنى بىرخىل ئازادە، باي-باياشات، خۇشال-خۇرام، تۇرمۇش مەزمۇنى باي دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە شەھەرلەردە ياشاۋاتقان زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش غەملىرى ۋە ھايات فورمىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش. شەھەرلەردىكى نوپۇسنىڭ زور كۆپ سانلىقىنى سەككىز سائەت ئىشلەيدىغان دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي دۆلەت ۋە كارخانىلارنىڭ ئىش ۋاقتى تۈزۈمى بويىچە ئىشلەيدىغان بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالىدىغان مائاشىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا، شەھەرلەردىكى مائاشلىقلارنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنى دەل ئۇلارنىڭ ۋاقتى ھەم ئىقتىسادىغا ئۆزىنىڭ ئىگە بولالماسلىقى بەلگىلىگەن. ئۇندىن باشقا مائاشلىقلارنىڭ تۇرمۇشى پۈتۈنلەي مېخانىكىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سەھەر تۇرۇپ ئىشقا بېرىش، ئىشتىن چۈشسە ئۆيگە كېلىش، كەچلىكى ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈش، ئۆيدىن چىقسا يەنە ئىشقا بېرىش ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس تۇرمۇش ئۇسۇلى. ئۇلار ئائىلە، خىزمەت ئورنى، كەسىپ ئوتتۇرىسىدا خۇددى توپتەك قاڭقىپ يۈرۈپ ياشايدۇ. شۇڭا زور كۆپ سانلىق شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلىدە ناشتىلىق يېيىش ئۇسۇلىدىن تارتىپ كىشىلىك تۇرمۇش، ئەخلاق، دۇنيا قارىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ شەھەردە ياشاۋاتقان زور كۆپ سانلىق كىشىلەر تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۆزى ھازىرلىماستىن، تەييار تۇرمۇش مۇھىتىغا ماسلىشىپ ئادەتلەنگەچكە، ئوخشىمىغان شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئوخشاش تەبىقە ۋە ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئادىتى ئاساسەن ئوخشاش. خىزمەت ۋە كەسىپ شەھەرلەردىكى مائاشلىقلارنىڭ رىقابەتتىكى مەۋجۇدلۇقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم تاشقى سەۋەپ. شۇڭا مائاشلىقلار ئۆزىنىڭ ۋاقتى، زېھنى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ زور كۆپ قىسمىنى خىزمەت ۋە كەسىپتە نەتىجە قازىنىشقا قارىتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىغا بىر خىل ھارغىنلىق ۋە زېرىكىش ئارىلاشقان.

شەھەرلەردە مائاشلىقلاردىن باشقا يەنە نوپۇسنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدىغىنى، شەھەر ياراتقان پۇرسەت ۋە رىقابەت جەڭگاھىدىكى پۇل ئۈچۈن ياشايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەردۇر. بۇ كىشىلەر مائاشلىقلارغا قارىغاندا بىرقەدەر ئەركىن بولغانلىقى ئۈستىگە ئۇلارنىڭ رىقابەت ۋە پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك. ئۇلار پۇلى ۋە ئۆزى كونترول قىلىدىغان شىركەت، كارخانا-گۇرۇھلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ خوجايىن، دىرېكتور، لىدىر دەپ ئايرىلىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى مىليونېر، مىليادىر، ماگنات دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار شەھەر ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق كونترول قىلغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى گەرچە مائاشلىقلارغا ئوخشاش مېخانىكىلىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇل ھەۋىسى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ۋە زور كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئىگىلەپ كەتكەچكە،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارمۇ رودىبىنتلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار ھەممە نەرسىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاشقا كۆنۈك. ھەشەمەتلىك داچا، قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرى، چەت ئەللەرنىڭ ھەشەمەتلىك - ئېسىل پىكاپلىرى، زىبۇ-زىننەت ۋە يۇقىرى سوممىلىق ئىستېمال ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى پۇل ئارقىلىق ھەممىنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەخلاق، ئېتىقاد، ئائىلە، مۇھەببەت، ھوقۇق، نام-ئابروي، شان-شەرەپ پۇلدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتە شەھەرلەردىكى مۇشۇ ئىككى خىل تەبىقە يارىتقان تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ جەريانىدىن ئىبارەت. شۇڭا ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىنى پۇلنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە دۆلەت ھالقىغان خەلقئارا سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ دۇنيادا تاۋارغا ئايلانمىغان ھېچنەرسە قالمىدى. كىشىلەر ئەقىل-پاراستىنىڭ ھەممىسىنى پۇل تېپىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە شەھەر كىشىلىرىنىڭ سودا جەڭگاھىغا ئايلاندى. پۇل ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن قىلغان-ئەتكەنلىرى ۋە ئىختىرالىرى تەدرىجىي يوسۇندا ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىنى پەيدا قىلدى. شەھۋانىيلىق، ئالدامچىلىق، چاكىنىلىق، ئىپپىتىنى سېتىش، زەھەرلىك چېكىملىك شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتى تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال، غەيرىيلىك، چاكىنىلىق، پۇچەكلىك ۋە ئېنىقسىزلىق قاپلاپ كەتكەن ئىچى كاۋاك مەدەنىيەت بوپقالدى. كىشىلەرنىڭ سەنئەت دەپ ئاتىۋالغان نەرسىلىرىدە سەنئەتكە خاس ئىزگۈلۈك يوق، گۈزەللىكنىڭ ئورنىنى ساپلا شەھۋانىيلىق، چاكىنىلىق ئىگىلەپ كەتتى. بۇرۇن كىشىلەر گۈزەللىكنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن، روھىدىن ئىزدىگەن بولسا، ھازىر كىشىلەرنىڭ ياسىنىشى، كىيىنىشىدىن ئىزدەيدىغان بوپقالدى. نەتىجىدە شەھەرلەردە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، ئەمچەك چوڭايتىش، قىزلىق پەردىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگەندەك غەيرىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئەۋج ئالدى. مەدەنىيەت نامى ئاستىدا بازارغا سېلىنىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەزمۇنى، قىممىتى يوق، پۇچەك نەرسىلەر بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى نامراتلىشىپ، كىشىلەر ئۆزىنى پەيلەپ، ئالداپ ياشاشقا مەجبۇر بولدى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان دۇنيا بويىچە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن «خاررىي پوتتېر ۋە سېھىر تېشى»، «ئۈزۈك پادىشاھىسى» دېگەندەك رىۋايەت تۈسىنى ئالغان فىلىملەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ-كىچىك كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئورتاق ئالقىشىغا ئېرىشىشى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تۈيۈقسىز كۆرۈمسىز ئىت-مۈشۈكلەرنى ئۆزىگە ئەرمەك قىلىپ ياشاشقا يۈزلىنىشى، شەھەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگەرمەس رېئاللىقتىن قانچىلىك زېرىككەنلىكىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە شەھەر مەدەنىيىتىگە ھازىرقى شەھەر كىشىلىرىنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسى ئىدى. ئەمدى ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىدە نېمە ئۈچۈن كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىمەنىلىك، چاكىنىلىق ۋە غەلىتىلىك ئەۋج ئالىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى پەقەت بىرلا نۇقتىدىن شەرھلەش مۇمكىن. ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىدە كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان چاكىنىلىق، كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىمەنىلىك ۋە غەلىتىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان شەھەر تۇرمۇشىدىكى روھىي غېرىبلىقنىڭ پارتلىشىدۇر. ئەمدى بۇ خىل روھىي غېرىبلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىرىنى بىر قانچە نۇقتىدىن شەرھلەش مۇمكىن:

1. شەھەر تۇرمۇشىدىكى روھىي غېرىبلىقنى ئالدى بىلەن شەھەر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز بولۇشى، شەھەردە ياشاۋاتقان زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بۇ خىل تېز تۇرمۇش رىتىمى ئالدىدىكى ئامالسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

2. شەھەر تۇرمۇشىدىكى قانائەتسىزلىك پسىخىكىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

3. شەھەردىكى زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى قېلىپلىشىپ قېلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان.

4. شەھەرنىڭ تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىتتىن، كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئايرىلىپ قېلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئەمدى شەھەر تۇرمۇشىدىكى روھىي غېرىبلىقنى ئەرلەر، ئاياللار (شەھەرلەردىكى)نىڭ تۇرمۇشى، خاراكتېر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

ئەرلەرنىڭ غېرىبلىقى. شەھەر ئەرلىرىنىڭ روھىي غېرىبلىقى ئاساسلىقى ئەرلىك خاراكتېر، ئەرلىك سالاھىيەت ۋە ئەرلىك ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەرلەر يارىلىشىدىنلا ئاياللاردىن روھىي، جىسمانىي ۋە خاراكتېر جەھەتتە نورغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇپ، دەل مۇشۇ خىل ئەۋزەللىكلەر ئەرلەرنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى، سالاھىيىتى ۋە ھوقۇقىنى بەلگىلىگەنىدى. ئەمما جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشى، ئائىلىدىن چىقىپ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا ئەگىشىپ ئاياللار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئويناشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكى شەھەرلەردە تەدرىجىي ئىشقا ئېشىپ، شەھەرلەردە ئاياللارنى ئىجتىمائىي ساھەلەرگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان

ئىجتىمائىي مېخانىزىم بارلىققا كەلدى. زور كۆپ ساندىكى ئاياللار جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيەت جەھەتتە ئەرلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. نەتىجىدە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇن، سالاھىيەت جەھەتتىكى ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت تەدرىجىي بۇزۇلۇپ، ئاياللار خاراكتېر ۋە ھوقۇق، سالاھىيەت جەھەتتە ئەرلەرگە يېقىن شەكىللەندۇردى. شۇنداقلا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىشىنىڭ مۇقەررەرلىشىشى، ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھوقۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيەت جەھەتتە ئەرلەرگە يېقىنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان بىر ئەنگلىيىلىك جەمئىيەتشۇناس نەچچە ئون يىل كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شەھەرلەردىكى پۇرسەت ۋە رىقابەت مېخانىزمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ خاراكتېر جەھەتتە ئەرلەرگە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ھەم بۇرۇن ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قەيسەر، باتۇر، قورقماس، كۆچتۈڭگۈر، ئەزىمەت دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تەدرىجىي ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارغا كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەمدى شەھەرلەردىكى ئاياللىق خاراكتېر، ئاياللىق سالاھىيەت ۋە ھوقۇق جەھەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش شەھەر ئەرلىرىنىڭ ئەرلىك خاراكتېر، ئەرلىك سالاھىيەت ۋە ئەرلىك ھوقۇقىغا خىرىس شەكىللەندۈرۈپلا قالماستىن، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئەرلەرگە روھىي بېسىم پەيدا قىلىپ، ئەرلەرنىڭ غېرىبلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە شەھەر ئەرلىرىنىڭ بىرقىسمى ھاراق، چېكىملىك، بەچچىۋازلىق ۋە زىنا-پاھىشە بىلەن كۆڭۈل ئۆتكۈزۈش، ئىچپۇشۇقىنى چىقىرىش ۋە غېرىبلىقىنى پەسەيتىشكە ئادەتلەندى. بۇنىڭ بىلەن كېچىلىك ئىشرەتخانا، مەيخانا، بەچچىۋازلار كۇلۇبى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك، قىمار ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى سۈپىتىدە ئەۋج ئالدى. بولۇپمۇ بەچچىۋازلىق تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە ئىككىلەمچى مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئومۇملاشتى. ئەمەلىيەتتە بەچچىۋازلىقنى شەھەر ئەرلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى غېرىبلىقىنىڭ پارتلىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. شەھەرلەردىكى بىر قىسىم ئەرلەر ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى سالاھىيىتى، ئەرلىك خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىن كېيىن ئۇلاردىكى روھىي غېرىبلىقنىڭ كۈچىيىشى، ئۇلاردىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نەتىجىدە ئۇلار كىشىلىك ئىززەت-ھۆرمەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان مۇشۇ خىل قەبىھ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاپ، ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىدىكى بىر قاباھەت ئەخلاقىي پاجىئەنى پەيدا قىلغان.

**ئاياللارنىڭ غېرىبلىقى.** ھازىرقى زامان شەھەر ئاياللىرىنىڭ روھىي غېرىبلىقى ئاساسلىقى ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئىجتىمائىي رىقابەتتە بەسلىشىپ، ئاياللىق تەبىئىي جەلپكارلىق، ئاياللىق نازاكەت، خۇلق ۋە ئاياللارغا خاس تەبىئىي سۈپەتتىن مەھرۇم قېلىشقا باشلىغانلىقىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئاياللار يارىلىشىدىنلا ئەرلەرگە قارىغاندا ھايالىق، نازۇك، جەلپكار، چىۋەر ۋە مېھرىبان يارىتىلغان بولۇپ، دەل مۇشۇ خىل ئاياللىق سۈپەتلەر ئارقىلىق ئاياللار تۇرمۇشتا ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلايتتى. دەل مۇشۇ خىل سۈپەتلەر ئاياللارنى ئەرلەر ئۈچۈن سۆيۈملۈك ۋە قەدىردان قىلغانىدى. ئاياللاردىكى مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە سەۋرچانلىق ئەرلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك بولغاچقا، ئەر-ئاياللىق ئائىلىۋىي مۇناسىۋەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ۋاستىسىز ھەمراھلىق مۇناسىۋەتكە ئايلانغانىدى. شۇنداقلا بۇ خىل مۇناسىۋەتتە تارىختىن بۇيان ئاياللار ئائىلىنى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ تايانچى دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا ئاياللار ئائىلە ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە شەرىپى ھېسابلايتتى. ئەمما جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ ئاياللار جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا مۇستەقىل قاتنىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، خىزمەت ۋە ئاياللار جەلپكارلىقىنىڭ تاۋارلىشىشى ئاستا-ئاستا شەھەر ئاياللىرىدىكى ئەرلەرنى جەلپ قىلىدىغان نازۇكلۇق، چىۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىقنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاياللار ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئاياللىق، ئانىلىق سالاھىيەت بىلەن ئەمەس، كىيىم مودىلى، چولپان، ئىقتىدارلىق كارخانىچى، ئەمەلدارلىق سالاھىيەت بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نازۇكلۇق، چىۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىقنىڭ ئورنىنى ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، چېكىدىن ئاشقان ياسىنىش ئىگىلىدى. ئۇلار ئائىلىدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى، ئۇلاردا ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئاياللىق نازاكەت، ئاياللىق خۇلق ۋە ئاياللىق تەبىئىي سۈپەت شۇنچە ئاجىزلاشتى. بولۇپمۇ ئاياللىق ھايا، پەردىشەپنىڭ كۆرسى تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا زور كۆپ سانلىق شەھەر ئاياللىرى خىزمەت، كەسىپ ئالدىراشلىقى بىلەن بالا تەربىيىلەش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، ئەرلەرنى كۈتۈشنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىش كۈنتەرتىپىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتكەچكە، ئۇلار بالا تەربىيىلەش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، ئەرلەرنى كۈتۈش داۋامىدا تەبىئىي يېتىلىدىغان ئاياللارغا خاس چىۋەرلىك، ئانىلارغا خاس مېھرىبانلىق، ئائىلىگە بولغان

www.uighurkitap.com

سۆيگۈنىڭ چوڭقۇرلىشىش پۇرسىتىدىن، ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ جەرياندا ئېرىشىدىغان خۇشاللىقتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى. ئەدناسى، ئۇلار نېمە ئارقىلىق ئۆز ھەمرىيىنى خۇشال قىلىشنى ۋە قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ھەقىقىي سۆيگۈسىنى ساقلاشنى بىلەلمەي تېڭىرقايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپادارلىق سۇسلىشىپ، شەھەرلەردە ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئەۋج ئالدى. بۇھال ئاياللارنىڭ غېرىبلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە شەھەرلەردىكى زور كۆپ سانلىق ئاياللار ئەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تاشقى گۈزەللىكى ئارقىلىق جەلپ قىلمىسا، باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى ئائىلە ۋە ئۆزىگە باغلاپ تۇرالمايدىغان كىرىزىسكە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەردە پەردازخانا، گىرىمخانىلار تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، ئۇ، شەھەر ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مۇشۇ يەردە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەرلەر ئۇنىۋېرسال قانىلى «جەمئىيەت خاتىرىسى» كۆزىنىكىدىن ئېرىشكەن بىر ئۇچۇرنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا شاڭخەيدىكى ئاياللارنىڭ بىر يىللىق ھۆسن تۈزەش، گىرىم قىلىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلى 600مىليون يۈەنگە يېتىدىكەن. قاراڭ، بۇ كىچىك سانمۇ؟ بۇلار ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇرۇنىشى بولماي نېمە؟

ئەمدى ئاياللاردىكى ئائىلە قارىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئاياللار غېرىبلىقىنى كۈچەيتىۋەتكەن مۇھىم ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئائىلە ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ۋە بىخەتەر ماكان شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ئائىلىدىن ئېرىشىدىغان خۇشاللىقىنىڭ ئورنىنى ھېچنەرسە تولدۇرالمايدۇ. ئەمما شەھەرلەردە ئاياللارنى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈدىغان مېخانىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ زور كۆپ سانلىق ئاياللار ئائىلىنى خىزمەت ۋە كەسىپ بىلەن ئالماشتۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋاقتى ۋە زېھنىنى خىزمەت، كەسىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئائىلىنى ئۆزىگە بويۇنتۇرۇق ھېسابلايدىغان بوپقالدى. كۆپ سانلىق شەھەر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشى سۇسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە، ئەر ۋە پەرزەنتلەرگە بولغان ئانىلىق مېھرىبانلىقى، ئاياللىق كۆيۈمچانلىقى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى خىزمەت، كەسىپ يەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەردىكى ئائىلە ۋە ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى، سۈپىتى ئۆزگىرىپ، ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى كىرىزىسكە دۇچ كەلدى. نەتىجىدە خېلى كۆپ سانلىق ئەر-ئاياللار ئۈچۈن ئاجرىشىش ياكى ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىردىنبىر چىقىش يولى بوپقالدى. غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردە بولسا «ئائىل جىنسلىقلار مۇھەببىتى» ئەۋج ئالدى. بۇلارمۇ ئەمەلىيەتتە ئاياللار غېرىبلىقنىڭ باشقىچە يوسۇندا ئەكس ئېتىش جەريانىدۇر. دېمەك، شەھەرلەر قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى رىقابەت ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ، ئىنسانلارغا تەرەققىيات بوشلۇقى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ياراتقان رىقابەت ۋە پۇرسەت يەنە شەھەر مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. شەھەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ھەجمى ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىپ، مەدەنىيەت جىنسداشلار مۇھەببىتى، كومپيۇتېر شەھۋانىيلىقى، قىزلىق پەردىسى ئوپېراتسىيىسى، جىنسىي ھۇزۇرلىنىش بۇيۇملىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەلىتە، ئېنىقسىز ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقلا شەھەرلەرگە يەنە ئەيدىز كېسىلى، زەھەرلىك چېكىملىك، مۇھىت بۇلغىنىش ۋە غەيرىي زامانىۋى كېسەللىكلەر مەركەزلىشىپ قالدى. شەھەرلەرنىڭ بۇخىل كىرىزىسىنى ئەمەلىيەتتە، بىر جەھەتتىن ئىنسان سۆيگۈسى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىپ كەتكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ دۇچ كەلگەن روھىي يېتىملىكى ۋە غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنىڭ رېئاللىقى بۇخىل ئېھتىماللىقنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ.

غېرىبلىق نوقۇل ھالدا يالغۇزلۇق ـ تەنھالىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەزى ھاللاردا ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى تويۇنۇش، ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىشمۇ تەنھالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇخىل تەنھالىقنىڭ ئىپادىلىنىشى خۇددى ئىچى-سىرتىغا كېڭىيەلمەي غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالغان جىسىمغا ئوخشايدۇ. ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدىكى غېرىبلىقنى دەل مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇشۇ خىل تويۇنۇش، ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىش كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان شەرمەندىچىلىك، ئەيدىز، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە غەيرىي زامانىۋى كېسەللەرنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمدى ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىدىكى بۇ خىل تويۇنۇش ۋە كېڭىيىش، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىۋاتقان ئېھتىياج قورۇلمىسىدىكى تويۇنۇش ۋە كېڭىيىشتۇر. شۇڭا ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنىڭ كېڭىيىش جەريانى، جۈملىدىن ھازىرقى ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان غېرىبلىقنىڭ ئاساسىي مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق. ھازىرقى زامان شەھەرلىرى ۋە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تەڭشىمەيدىكەن، غېرىبلىق بەلكىم ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت بولماي قېلىشى مۇمكىن.

2003-يىل 24-ئاۋغۇست، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى(M2).




# بازار ئىگىلىكى

**ئابلىكىم ئابلىز**

خېرىدار ئالماقچى بولغان مالنى «يوق ،تۈگەپ كەتتى »دەپ قويۇپ ،پوپايكا توقۇپ ئولتۇرۇدىغان ئېرىنچەك پىركازچىكنى ،خېرىدار كىرىپ بولغۇچە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ قارشى ئالىدىغان ، «نېمە ئالىلا »دەپ سوراپ تۇرۇدىغان قىلىۋەتكەن بازار ئىگىلىكى .

كىرگەن ئادەم بىلەن كارى يوق ، گېزىتكە قاراپلا ئولتۇرۇدىغان ، «گېپى قىممەت »پوچتىكەشنى ، ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە ، «نېمە ئىش بېجىرىلا » دەپ ئورنىدىن تۇرۇدىغان قىلىۋەتكەن بازار ئىگىلىكى .

ھە دېسىلا «ئىشتىن چۈشتۇق ،قول بىكار ئەمەس »دەپ مۇئامىلىدارلارنى قوغلايدىغان قاپىقى يامان بانكىرلارنى ،ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە مۇلايىملىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان ، قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدىغان قىلىۋەتكەن بازار ئىگىلىكى .

ھەدېسىلا «ئەتە كېلىڭ . . . »دەپ بىكار يول ماڭدۇرۇدىغان ، ئۆزى سايىدا قارت ئويناپ ئولتۇرۇدىغان ئوغۇت ساتقۇچىلارنى ئىشىكىمىز ئالدىغا ئوغۇت ئەكىلىپ بېرىدىغان قىلىۋەتكەن بازار ئىگىلىكى .

بىر يىل جاپا - مۇشەققەتتە تەييار قىلغان بۇغدايىنى دۆلەتكە ئاشلىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەكەلسە ، «بۇغدىيىڭ ھۆلكەن ، ئەخلەتكەن ،قۇمى باركەن . . . »دېگەن باھانىلارنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ ،دېھقاننى بىرەر ئايغىچە كەينىدىن سوكۇلدىتىپ يالۋۇرتىدىغان ، دەرىجىسىنى تۆۋەن باھالاپ زىيان سالىدىغان ئاشلىق پونكىتىنىڭ ھاكاۋۇر «ئامبار بەگلىرى »نىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغان ،ئاشلىقىمىزنى كىمگىلا ساتساق ساتالايدىغان قىلغان بازار ئىگىلىكى .

ئاغرىق كەلسىمۇ مۈگدەپ ئولتۇرۇدىغان دوختۇرلارنى ، ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە «نەلىرى ئاغرىيدۇ؟ نېمە دورا ئالىلا؟ . . . »دەپ ئەھۋال سورايدىغان قىلىۋەتكەن بازار ئىگىلىكى .

نامراتلارنىڭ بالىلىرى پۇل تۆلىيەلمىگەندىلىكتىن ، ھەتتا باشلانغۇچتىمۇ ئوقۇشسىز قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان بازار ئىگىلىكى .

پۇل بولمىسا داۋالىمايمىز ، دەپ تالاي كېسەللەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بازار ئىگىلىكى .

ئوتقاشتەك لەۋلەر ،دىلرابا تەنلەر ،جان تىكىپ قوغدىلىدىغان ئىپپەتلەرنىمۇ تاۋارغا ئايلاندۇرغان بازار ئىگىلىكى .

پاك مۇھەببەتنى نىكا سودىسىغا ئايلاندۇرغان بازار ئىگىلىكى .

پاھىشە ،قاۋاق ،قىمار . . .نى ئەۋج ئالدۇرغان بازار ئىگىلىكى .

پارىخورلۇق ، چىرىكلىك ،خىيانەتچىلىك . . .نى ئەۋج ئالدۇرغان بازار ئىگىلىكى .

ئەمەلدارنى دەردمەن پۇقرا ئەرز ئېيتىپ كەلسە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئەھۋال سورايدىغان ،دەردىگە

ئاچچىق كۈلكىلەر

دەرمان بولۇدىغان قىلالمىغان بازار ئىگىلىكى، قۇرۇق گەپنى قۇلاققا خۇشياقتۇرمىغان بازار ئىگىلىكى.

رېستۇرانسىز، شارابسىز، خۇشامەتسىز - پارىسىز ئىش ھەل قىلماقنى مۇشكۇللەشتۇرگەن بازار ئىگىلىكى.

دوستلارنى بىر-بىرىگە تەتۈر قاراشقا سەۋەبكار بولغان بازار ئىگىلىكى.

مەنسەپ-ھۇقۇقنى توپ ئېلىپ پارچە ساتىدىغان قىلىپ قويغان؛ چوڭ مەنسەپنى توپ ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىكلىرىنى پارچە سېتىپ پايدا ئالىدىغان تىجارەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن بازار ئىگىلىكى.

«كۆمۈر قىممەت، توك قىممەت، ئوغۇت قىممەت دورا ھەم؛ ئاشلىق ئەرزان، ياغ ئەرزان، مېۋە ئەرزان-باغ ئەرزان، چارۋا ئەرزان، گۆش قىممەت، پاختا ئەرزان، رەخت قىممەت، باشقىسى قىممەت، دېھقان ئەجرى ھەممىدىن بەك ئەرزان» قىلىپ قويغان بازار ئىگىلىكى.

ئىشانلەر مەجبۇرىي، گېزىت-ژۇرنال مەجبۇرىي، سۇغۇرتىمۇ مەجبۇرىي، كىيىم-فورما① (ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار فورمىسى) مەجبۇرىي، دەرسلىك كىتاب مەجبۇرىي، «ياندىشما»②لار مەجبۇرىي... زورلاپ تېڭىلغان بازار ئىگىلىكى.

تېلېۋىزوردا - ئېلاندا قەبىھ دۈشمەن-ھاراقنى «چىن گۈزەل»نى - يالىڭاچنى، «خاسىيەتلىك» دورىنى... داۋراڭ قىلىپ تىنىمسىغان، ماختاپ-ماختاپ قانمىغان، كۆندە كۆرسىتىپ زېرىكمىگەن بازار ئىگىلىكى.

ئىزاھات

①فورما - ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار فورمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش.

② ياندىشما - دەرسلىك كىتابقا ياندىشىپ كېلىدىغان قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى.

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازار يېڭىباغ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى(M2)


## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 2003-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىپ 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5يۈەن، يېرىم يىللىقى 15يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 - 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا 2004-يىلىدىن باشلاپ پارچە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشنى سورايمىز.

- كامالى ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



## قىرتاق پاراڭلار

### «زوۋان سورۇش»ۋە «زوۋان سورمەسلىك»

ئەن ۋېنجياڭ ئۆزىنىڭ فېلىيەتونلار توپلىمىدا دېڭ گوڭنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن : «بىر ئىنقىلابىي پارتىيە خەلقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماسلىقتىن ئەنسىرەيدۇ ،خەلقنىڭ زوۋان سورمەي تۇرۇۋېلىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيدۇ» .

بۇ گەپ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى ياخشى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشى كېرەكلىكىنى ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە قۇلاق سېلىپلا قالماستىن ، تۇرلۇك سادالارغىمۇ قۇلاق سېلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

بىراق بىز بۇ تەلەپتىن تېخى خېلى بەك يىراق . ماڭا بىز ھەرقاچان «زوۋان سورمەي »تۇرۇۋالغاندەكلا تۇيۇلىدۇ .

«زوۋان سورمەسلىك »بېسىم تۈپەيلى بولىدۇ . ھەممىلا ئادەم زوۋان سورۇشكە پېتىنالمىغاندا سۈكۈت قىلىدۇ . ئەگەر بېسىم تېخىمۇ كۈچەيسىچۇ ؟ كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا كىشىلەر بېسىمغا چىداپ «زوۋان سورمەي »تۇرۇشى ناتايىن . «زوۋان سورمەي تۇرۇۋېلىش »بىر مىللەت ئۈچۈن ،ھېچبولمىغاندا بىر كوللېكتىپ ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى قالتىس - «يۈكسەك مەنزىل »ھېسابلىنىدۇ .

مەيلى قاغا بولسۇن ياكى قۇشقاچ بولسۇن ، ئىشقىلىپ ئۇچالايدىغان ، سايرىيالايدىغان قۇشلا بولىدىكەن ، ئۈركۈپ كەتكەندە ئاۋاز چىقارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . كىشىلەرنىڭ زوۋان سورمەسلىكى بولسا بىرخىل ھوقۇق - سۈكۈت قىلىش ھوقۇقى ، كاللىسى بىلەن ئويلىنىش ھوقۇقى ۋە ئىپادە بىلدۈرمەسلىك ھوقۇقىدۇر . بىزنىڭ چاۋاك چالماسلىق ، قول كۆتۈرمەسلىك ھوقۇقىمىز بارمىدى ؟ شوئار توۋلىماسلىق ، «سادىق» بولماسلىق ، ئۆزۈن ئۆمۈر تىلىمەسلىك ھوقۇقىمىز بارمىدى ؟ ياق . «13-سېنتەبىر ۋەقەسى» (بۇيەردە لىن بياۋنىڭ 1971-يىلى 13-سېنتەبىر سىياسىي سۈيىقەستىنىڭ پاش بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ )دىن بۇرۇن بىزنىڭ «مۇئاۋىن باش قوماندان لىن بياۋ ۋە ماۋزېدۇڭ

www.uyghurkitap.com

ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرەيلى»دەپ شوئار توۋلىماسلىق ھوقۇقىمىز بارمىدى؟ ئاشۇ ئالتۇندەك «6-دېكابىر»كەلىمەستە «ئىنقىلابىي ئۈلگىلىك تىياتىر»لاردىن ئۆگەنمەسلىك ھوقۇقىمىز بارمىدى؟ ھېچبولمىغاندا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنداق ھوقۇقىمىز يوق ئىدى. ئۇنداق ھوقۇقى يوقلار پەقەت بىزلا ئەمەس. پارتىيىنىڭ 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12-ئومۇمىي يىغىنىدائاتالمىش «خائىن، ساتقىن، ئىشچىلار ئاسىيىسى (بۇيەردە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت رەئىسى ليۇشاۋچىنى بۇ بەتنام بىلەن پارتىيىدىن چىقىرىش قارارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — ئۇيغۇرچە نەشر باش مۇھەررىرى ئىزاھى)نى پارتىيىدىن مەڭگۈلۈك چىقىرىۋېتىش ئالدىدىكى ھالقىلىق پەيتلەردە، تۇمەن كىشىلىك چوڭ يىغىندا، پارتىيىمىزدىكى دانالاردىن — ئەگەر پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر دانا ھېسابلانمىسا، ئۇنداقتا كىملەر دانا ھېسابلىنىدۇ؟ — پەقەت بىرلا كىشى ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «زۇۋان سۇرمەسلىك»ھوقۇقىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئاددىي - ساددا، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى چېن شياۋمىن قول كۆتۈرمەسلىك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەردۇ-مەردانىلىقىنى نامايان قىلغانىدى. كۆزگە كۆرۈنگەن كوممۇنىست چېن شياۋمىننىڭ ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى ئاشۇ قېتىمقى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان بارلىق پارتىيىلىك مەسئۇل خادىملارنىڭ، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن رەھبەرلەرنىڭ چىرايىنى ئۆڭدۈرۈۋەتكەنىدى. چېن شياۋمىننىڭ زۇۋان سۇرمەي تۇرۇۋېلىشى، «يۇكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇش»تەكىتلىنىۋاتقان پەيتتىكى «بىردەك بولماسلىق»ئېلىمىز تارىخىدىكى داستانغا، كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخىدىكى قالتىس بىر ئىشقا ئايلانغانىدى. بۇ ئىشقا ئوتتۇز نەچچە يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەسلەيدىغان بولساق، قەلبىمىز ھاياجانغا تولۇپ، كۆڭلىمىزدە ئاشۇ ئايال قېرىندىشىمىزغا — چېن شياۋمىنغا قارىتا ھۆرمەت تۇغۇلىدۇ. «زۇۋان سۇرمەسلىك»ئەنە شۇنداق تەس ھەم قەدىرلىكتۇر.

بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. توغرىراقىنى ئېيتقاندا، مۇشۇ «بىر ئىش»ئۆتۈپ كەتتى؛ بىراق «مۇشۇنداق ئىشلار» تۈگىدىمۇ ياكى تۈگىمىدىمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. ھازىر كىشىلەرنىڭ زۇۋان سۈرگۈسى كەلسە زۇۋان سۇرۇۋېرىش، زۇۋان سۈرگۈسى كەلمىسە جىم تۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بارمۇ؟ بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، مەنمۇ مۇشۇ توغرىسىدا ئويلىنىۋاتىمەن.

بىز «يۇكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇش»قا بەكلا ھېرىس. قانداقلا ئىش قىلمايلى، پوزىتسىيىنىڭ بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەيمىز. بىردەك قول كۆتۈرۈپ، بىردەك ماقۇللاپ، رەتلىك بولۇشنى ئىزدەيمىز؛ بىردەك ماختاپ، بىردەك چاۋاك چېلىپ، يېقىملىق بولۇشنى ئىزدەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەدھىيە - ئالقىش سادالىرى ئازمۇ بولمىدى. شۇڭا ئۆزىمىزنى قانداقمۇ «زۇۋان سۇرمەي تۇرۇۋالدۇق»دېيەلەيمىز؟ «زۇۋان سۇرۇۋاتىمىزغۇ»، ئالقىشلاۋاتىمىزغۇ، تەنتەنە قىلىۋاتىمىزغۇ. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن «زۇۋان سۇرۇش» «زۇۋان سۇرمەسلىك»تىن مۇتلەق ياخشى دېگىلى بولامدۇ؟

مەن مەدھىيە - ئالقىش سادالىرى باشقا بارلىق ئاۋاز- سادالارنى بېسىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئەگەر بىزنىڭ ئاڭلىيالايدىغانلىرىمىز پەقەت مۇشۇنداق بىر تەكشى مەدھىيە سادالىرى بولۇدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا بۇ «زۇۋان سۇرمەسلىك» تىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

كونسېرتلىرىمىزنىڭ مۇقامى، ناخشىچىلىرىمىز-نىڭ ئاۋازى ماڭا بىر خىلدەك تۇيۇلىدۇ.

بىرەر كۇبلېت مەدھىيە ناخشىسىنى ئېيتىش بەك ئوڭاي. بىراق ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز ھەق سۆزلەش بەك تەس. جۇڭگو تارىخىدا دېھقانلار ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەن ئادەمدىن ئىككىسى چىققان. ئۇنىڭ بىرى لياڭ شۇمىڭ، بىرى پېڭ دېخۇەي بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ياخشى كۈن كۆرمىدى. لى چاڭپىڭ دېھقانلار ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەن ئۈچىنچى ئادەم. ئۇ بەلكىم تەلەيلىكتۇ. بىراق تەلەيلىك بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ كۈنىمۇ شۇ بولدى.

بىزگە مەدھىيىلەرلا خۇش ياقىدۇ. شۇڭا قۇلاقلىرىمىزمۇ مەدھىيە - ماختاشلارغا كۆنۈپ كەتتى. بىزنىڭ مەدھىيە - ئالقىش سادالىرىمىز ئەل-يۇرتتىكى باشقا ئاۋاز-سادالارنى بېسىۋېلىۋاتىدۇ. سەھنىلەردە، ئېكرانلاردا قاچانلا قارىسىڭىز تىنچ-ئاسايىشلىق كۈيلىنىۋاتقان؛ كاتتا يىغىلىش-پائالىيەتلەردە مەيدانلار ھەشەمەت بىلەن بېزەلگەن، ئارتىسلار باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلى بەدىلىگە «گۈللەپ ياشناۋاتقان مەنزىرە»نى مەدھىيىلەۋاتقان. «ئۈمىد»باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىزدە پارتا-ئورۇندۇق-لار يېتىشمەيۋاتسا، بۇ ئىشلار چەت ئەللەرنىڭ ئىشىدەك كارىمىز يوق يۈرۈۋاتىمىز. ھەتتا يالغاندىن ناخشا-قوشاق قېتىپ كۈيلەۋاتىمىز، چاكىنىلىق بىلەن تەرىپلەۋاتىمىز؛ ئۆتمۈش سۇلالىلەردىكى ياخشى پادىشاھ، دانا پادىشاھ، ئۇلۇغ پادىشاھ ۋە مەشھۇر پادىشاھلار خانلىق تونىنى كىيىپ كۈندە دېگۈدەك كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپلا تۇرۇۋاتىدۇ. «خان-پادىشاھلار»نىڭ خانلىق تونىنى كىيىپ ئىشلىگەن ئېلانلىرى ۋە بۇ ئېلانلارنىڭ ئۈنۈمىنىڭ شۇنچە ياخشى ئىكەنلىكىلا خانغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئاساسىي مېلودىيە»مىش. زامانىمىزدىكى ئىللەت-نۇقسانلارغا تېگىپ قويسىڭىز، جەمئىيەتتىكى بەزى ناھەقچىلىكلەر توغرىسىدا ئېغىز ئاچسىڭىز، «تىنچ-ئىتتىپاقلىق»قا تەسىر يەتكۈزدى، دېگەن چوڭ قالپاقنى كىيگۈزۈپ، سىزگە پوپوزا قىلىدۇ. كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان بۇنداق ئالقىش-تەنتەنىلەر ئەجەبا «زۇۋان سۇرمەي تۇرۇۋېلىش»تىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمىكەن؟

تىنچ-ئاسايىشلىقنى مەدھىيىلىمەك ئوڭاي. بىراق بۇنىڭغا كىملەرمۇ گول بولار؟ گەپ بۇيەرگە كەلگەندە، مەنمۇ ئۆزۈمنى «بېسىۋالسام بولار».

---

جىن جېڭمەي قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى»《河北日报》 بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»《杂文月刊》نىڭ 2003-يىل 4-سانىغا بېسىلغان.

**ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى

# قىسقا فېليەتونلار

## سىياسەتنىڭ يەتكۈزۈلۈشى

ئۆلكە شەھەرگە ئېيتىدۇ : بۇيىل دېھقانلارنىڭ سېلىقى بىراقلا يەڭگىللىتىلسۇن .
شەھەر ناھىيىگە ئېيتىدۇ : بۇيىل دېھقانلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللىتىلسۇن .
ناھىيە يېزىغا ئېيتىدۇ :بۇيىل دېھقانلارنىڭ سېلىقى مۇۋاپىق تۈردە يەڭگىللىتىلسۇن .
يېزا كەنتلەرگە ئېيتىدۇ : بۇ يىل ھەرخىل ھەقلەر ۋاقتىدا ،تولۇق تاپشۇرۇلسۇن .

ۋاڭ چاڭچاڭ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»《杂文选刊》ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 2-سانىدىن «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى»نىڭ 4-سانىغا تەرجىمە قىلىنغان .

## تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى

تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى كۆپ كۆرسە تۆۋەندىكىدەك قانۇنىيەتنى بايقاشقا بولىدۇ :
باشلىقنىڭ سۆزلىرى ھەممىشە مۇھىم سۆزلەر بولىدۇ .
خەلقنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي رەھمەت-مەدھىيە بولىدۇ .
ئىشسىزلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ .
دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرغان بولىدۇ .
يەر تېرىغاننىڭ ھەممىسى مول ھوسۇل ئالغان بولىدۇ .
نامرات رايونلار ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمى قوش قاتلانغان بولىدۇ .
قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قانۇننى توغرا ، شەخسىيەتسىز ،ئادىل ئىجرا قىلغان بولىدۇ .

خې گو قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» «杂文选刊» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 2-سانىدىن «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 4-سانىغا تەرجىمە قىلىنغان .
فېلىيەتونلارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى :**ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى**

## يۇقىرىلار مۇنداق دەيدۇ...

▲بىز تۇرمۇشتا كۆيۈنۈشكە موھتاج ،ئەمما ھەر يىلقى ھېيت -بايراملاردىلا ئەسكە ئېلىنىپ ، بىر خالتا ئاشلىق ،بىر تۇڭ ماي ،بىر يوتقان ياكى 200يۈەن پۇل بىلەن ياردەمگە ئېرىشىشنى خالىمايمىز ؛ بىز ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەشكە موھتاج ، لېكىن تىجارەت باشلىغان چاغدا توپ-توپ كىشىلەرنىڭ لېنتا كېسىشكە كېلىشىنى ،نەتىجىگە ئېرىشكەندە بولسا ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ بەس-بەس بىلەن تەكشۈرۈشكە كېلىشىنى خالىمايمىز ؛ بىز ئىشلەپچىقىرىشتا يېتەكچىلىككە موھتاج ، ئەمما كەنت مۇدىرىنىڭ بىزنى مېۋىلىك كۆچەت تىكىشكە بۇيرىغاندا ،يېزا باشلىقىنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەستۈرۈۋېتىپ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىشقا بۇيرۇشىنى ، ھاكىمنىڭ بولسا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ گۈل ئۆستۈرۈشكە بۇيرۇشىنى خالىمايمىز .
▲بىز تېلېفون ھەققىنى تۆلىيەلمىسەك تېلېگراف ئىدارىسى تېلېفوننى توختىتىۋېتىدۇ ؛ بالىلىرىمىز ئوقۇش راسخوتىنى تۆلىيەلمىسە ،بۇيرۇق بىلەن دەرستىن توختىتىلىدۇ ؛ تۈرلۈك سېلىقلارنى تۆلىيەلمىسەك مۇناسىۋەتلىك خادىملار ساقچى كۈچى ئارقىلىق ساندۇقتىكى ئاشلىق ، ئېغىلدىكى چارۋا ھەتتا دەل-دەرەخلىرىمىزنى قىلچە تەكەللۇپ قىلماي ئولتۇرماستىنلا بۇلاپ كېتىشىدۇ ؛ ئەمما ئىدارە ئىش ھەققىمىزنى تارقىتىشنى خالىغانچە كېچىكتۈرسە ، ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئاشلىق ياردەم پۇلىمىزنى ۋاقتىدا تارقاتمىسا بىز خىزمەت ياكى دېھقانچىلىقنى توختىتالمايمىز ، شۇ دەرد-ئەلەمنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىشتىن باشقا ئامالىمىز بولمايدۇ .
▲بىز رەھبەرلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن قورقمايمىز ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىقلارغا كۆن بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمىز ؛ بىز رەھبەرلەردە ئەخلاق ۋە قابىلىيەتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن قورقمايمىز ،پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە تەڭ يېتىشكەن كادىرلارغا يامان نىيەتتە بولۇشىدىن ئەنسىرەيمىز ؛ بىز رەھبەرلەردە يىراقنى كۆرەرچانلىقنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن قورقمايمىز ، پەقەتلا يىراقنى كۆرەرچانلىقى كۈچلۈكلەرگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمىز ؛ بىز رەھبەرلەرنىڭ بىلىمسىز ، ئىقتىدارسىز بولۇشىدىن قورقمايمىز ، پەقەتلا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمىز .
▲ئەگەر تۇرمۇشتا رەھمەت ئېيتىش زۆرۈر بولمىغان ئىشلارغا كۆپلەپ رەھمەت ئېيتىلسا ، بۇ مۇشۇ دەۋردە نۇرغۇن ئەپسۇسلۇق ئىشلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ .مەسىلەن ، ئوغرىنىڭ ئوغرىلىققا كىرىش سەۋەبىدىن چوڭ خىيانەتچىنى سۆرەپ چىقىشى ، « ئۆچكە ھەمراھ بولغۇچى» قىزلارنىڭ پارىخور ئەمەلدارلارنى ئاشكارىلاپ قويۇشى ،ئەتكەسچىلەرنىڭ ئارقاتىرىكىنى پاش قىلىپ قويۇشى ،ساختامال ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن ئالاھىدە ھوقۇقىنى پەش قىلىپ كۆرسىتىشى قاتارلىقلار .بىزنىڭ ئەشۇ ئوغرىلارغا ، «ئۆچكە ھەمراھ بولغۇچى» قىزلارغا ، ئەتكەسچىلەرگە ۋە ساختامال ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا زادى رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەكمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا كىم ئېنىق جاۋاب بېرەلەيدۇ ؟

ياڭ شۇنتاۋ قەلىمىدىكى بۇيازما «پارتىيە قۇرۇلۇشى مەجمۇئەسى»《党建文汇》ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 6-سانىغا بېسىلغان .**ئابلىز ئوسمان يەركەندىي**تەرجىمىسى(M2)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# چولپانلىرىمىزنىڭ «كېسىلى»نى داۋالاشنى چىڭ تۇتايلى

قىزىمىز بىر چولپان مەستانىسى. چولپانلار مەستانىلىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا شۇ چولپانلار. بىر كۈنى قىزىم توساتتىن، ئۆزى چوقۇنىدىغان بىرنەچچە ئايال چولپاننىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بوپقالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ خەۋەرنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىسام، تېلېۋىزوردىن كۆرگەنلىكىنى، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر دورىلارنى يەپ سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەسلىدە قىزىمنىڭ كۆرگىنى تېلېۋىزوردىكى ئېلانلار ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ راستقۇ؟ ئەگەر تېلېۋىزور كۆرگەندە، ئېلانلارغا سەللا دىققەت قىلىدىغان بولسىڭىز، چولپانلىرىمىزنىڭ قانداقتۇر بىر كېسەللەرگە گىرىپتار بوپقالغانلىقىنى كۆرۈسىز. تېخى بەزى چولپانلىرىمىزنىڭ «كېسىلى» ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر!

چولپانلىرىمىز گىرىپتار بولغان كېسەللەرنى بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن دەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بەزىلىرى جىگەر ياللۇغى، جىگەر قېتىشىش كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، قولى بىلەن جىگەر جايلاشقان يەرنى تۇتقىنىچە ئېڭراپ تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈدىغان بولسىڭىز، ئىچىڭىز سىيرىلىپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلىرى يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۈرەك سانجىقى دېگەندەك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئاغزى مايماق، كۆزى جىتتاق بوپقېلىش، پارالىچ، مېڭىسىگە قان چۈشۈش دېگەندەك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، گەرچە بۇ كېسەللىكلەرنى ساقايتقىلى بولىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق ھەممىسى دېگۈدەك «ھاياتلىقنىڭ قاتىلى» بولغانلىقتىن، كۆرۈش بىلەنلا ئادەمنىڭ پۈتۈن تېنى تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. ياش، چىرايلىق ئايال چولپانلىرىمىز ئاياللار كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئېغىزىدىن چىقىرىش بىئەپ بولغان بەزى ئۇياتلىق گەپلەرنى تارتىنماستىن ئوچۇق-ئاشكارا دەۋىرىدۇ. ئۇلار قوللانغان داۋالىنىش ئۇسۇلى نېمىدېگەن ئۈنۈملۈك-ھە! كېسىلىنى يېنىك دېگەندىمۇ، ئاشۇ سىلىق يۈزلىرىنى دانىخورەك، قوتۇر باسقان بولۇپ، قايسىدۇر بىر دورىنى ئىشلەتمىسە ھەرگىز بولمايدۇ! ياشانغان چولپانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك بەللىرى سىرقىراپ، دۈمبىلىرى ئاغرىپ، پۇت-قوللىرى ئۇيۇشۇپ، پەيلىرى تارتىشىپ قالىدۇ.

چۈنكى ئۇلاردا كالتىسى كەم-دە! ئەلۋەتتە زۇكام، قىزىتما، يۆتەل دېگەندەك ئۇششاق كېسەللىكلەر دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بىراق قايسىدۇر بىر خىل يېڭى دورىنى يېسە، شۇھامان سەللىمازا ساقىيىپ، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. بەزىلىرى ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى بەك كۆپ يەۋەتكەنلىكتىن، ھەزىم قىلىشى ياخشى بولماي، ئاشقازىنى ئاغرىپ كەتكەندە قولىدىكى ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورىنى يېگەن ھامان كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. تېلېۋىزوردا چولپانلىرىمىز راك كېسىلىگە ئانچە كۆپ گىرىپتار بولمايدۇ. ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە جان قالمايدىغان ھېلىقى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ھەرھالدا تېخى كۆرمىدىم.

مەن قىزىمغا چولپانلار ئېلاندا رول ئالسا بۇ ئېلاننىڭ ئۈنۈمىنىڭ كارامەت ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. چولپانلارنىڭ كېسەل بولۇشىمۇ ئويۇن قويغاندەكلا بىر ئىش بولۇپ، پەقەت پۇل بەرسىلا ھىڭگاي دېسە ھىڭگىيىدۇ، دوڭغاي دېسە دوڭغىيىدۇ. پالانى يېرىم ئاغرىۋاتىدۇ دېگىن دېسە، شۇ يېرىم ئاغرىۋاتىدۇ دەيدۇ. پالانى كېسەلگە گىرىپتار بوپتىمەن دېگىن دېسە، شۇخىل كېسەلگە گىرىپتار بوپتىمەن دەيدۇ. پەقەت پۇل بەرسىلا ئۇلار ھەرقانداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇشقا، ھەرقانداق دورىنى يېيىشكە، كەڭ جامائەتچىلىك ئالدىدا «دېگىلى بولمايدىغان ھەرقانداق گەپ»لەرنىمۇ دېيىشكە رازى بولىدۇ. چولپانلىرىمىز كېسەل بوپقالسا، ئىشلىتىدىغىنىمۇ دەل سودىگەرلەر سېتىۋاتقان يېڭى دورىلار بولۇپ، ئۈنۈمىمۇ پەۋقۇلئاددە ياخشى. پەقەت پۇل خەجلەپ سېتىۋالسىلا، دوختۇرسىزمۇ «بەدىنىڭىزدىكى كېسەللىكنى پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقىرىدىغان» بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولماي تۇرالمايسىز.

ھەريىلى 15-مارتتىكى ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىشتە، پەقەت كونكرېتنى بولغان ساختا تاۋارلارغىلا زەربە بېرىلىۋاتقان بولۇپ، مانا مۇشۇنداق ساختا تەشۋىقاتلارغا زەربە بېرىش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ.

ئېلان قانۇنىنىمۇ داۋالاش ئۈنۈمىنى يۈز پىرسەنت دەپ تەشۋىق قىلىشقا، ساقايغان بىمارلارنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمىلەر بار. ئۇنداقتا چولپانلىرىمىزنىڭ بۇ «ساختا» كېسىلى نېمە ئۈچۈن تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ؟ 15-مارتتىكى ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىشتە، پەقەت ساختا تاۋارلارغىلا زەربە بەرمەي، مانا شۇنداق چولپانلىرىمىزنىڭ ساختا كېسىلىگىمۇ زەربە بېرىش كېرەك. چۈنكى دورىمۇ بىرخىل تاۋار. شۇنداقلا ئۇ خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە تاۋار. چولپانلىرىمىزنىڭ بۇخىل ئېلانلاردا ئوتتۇرىغا چىقىشى بەزىبىر خاتا چۈشەنچە ۋە ئەكس تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ زىيىنى بەزى چاغلاردا ئاشۇ ساختا، ناچار تاۋارلارنىڭ زىيىنىدىنمۇ ئېغىر بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى چولپانلار، يەنى ئاشۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان روللارنى ئالغان چولپانلار، ئاشۇ گۈزەل سالاپىتىنى نامايان قىلالايدىغان چولپانلار. بىراق ھېچكىممۇ ئاشۇ «كېسەلمەن»چولپانلارنى ياقتۇرمايدۇ. تازا پەيزى قىلىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا، تۇساتتىن بۇ چولپانلىرىمىز «ئاغرىپ، يېتىپ قالسا»، كىشىگە دەرھال بىرخىل بىزارلىق، تېتىقسىزلىق تۇيغۇسىنى بېرىپ قويىدۇ، خالاس.

مەن چولپانلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئېسىل روللارنى ئېلىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ياخشى بىر چولپان بولۇپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداقلا يەنە ئىككى-تۆت تال پۇلنى دەپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكىنى سەممىي تەۋسىيە قىلىمەن.

---

گوشنۇۋېن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ شەنشى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «شەنشى گېزىتى»《陕西日报》نىڭ 2003-يىل 23-مارت سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»《杂文选刊》ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 6-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

**توختىھاجى يۈنۈس** تەرجىمىسى (M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تەھرىر ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uygurkitap.com



# «ئۆزىنى تونۇش»تىن ئۆرنەكلەر

## دۆلەتنىڭ نىشانى نېمە؟

ـ «قەھرىمان» دېگەن كىنودىن باشلانغان ئوي

بەزىلەر «قەھرىمان» دېگەن كىنودىكى دەتالاشتىن «سىزگە يەتتە بەگلىك كېرەكمۇ ياكى بىرلىككە كەلگەن چىن خانىدانلىقى كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مېنىڭ جاۋابىم شۇكى: كىم بىزنى يەتتە بەگلىك بىلەن زالىم چىن خانىدانلىقىنىڭ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىسۇن دەيدۇ؟ مەن يەتتە بەگلىك بىلەن بىرلىككە كەلگەن چىن خانىدانلىقىنىڭ ھېچقايسىسىنى ياقتۇرمايمەن! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھوقۇق تالىشىۋاتقان يەتتە بەگلىك ۋە بىرلىككە كەلگەن، جاھاندىكى ھېچقانداق نەرسە ئالىقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان زالىم چىن خانىدانلىقىنىڭ ھېچقايسىسى كۆڭۈلدىكىدەك دۆلەت ئەمەس. چۈنكى يەتتە بەگلىك ھوقۇق تالىشىپ، خەلق قىرغىنچىلىققا قالدى؛ زەپەر قۇچقان چىن خانىدانلىقى بولسا خەلقنى زار قاقشاتتى. شۇڭا ھېچقايسىسى ياخشى ئەمەس.

ھازىرقى زامان سىياسىيسىنىڭ لوگىكىسىدا دۆلەت بىر ئورگان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگان دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئورگاننىڭ ياخشى-يامانلىـ

[illegible]

قىلىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى پەقەت بىرلا . ئۇ بولسىمۇ بۇ ئورگاننىڭ خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمىتى .ياخشى خىزمەت قىلغان بولسا ياخشى دۆلەت ،بولمىسا ناچار دۆلەت ھېسابلىنىدۇ . دۆلەتنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقى بىلەن دۆلەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىش مۇناسىۋىتى بولمايدۇ . چوڭ دۆلەتلەرمۇ ئۆز خەلقىنى راھەت-پاراغەتلىك ، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئىگە قىلالايدۇ . بىراق ئەمەلدارلارنىڭ دەستىدىن پۇقرالار ئىسيان كۆتۈرۈۋاتقان كىچىك دۆلەتلەرمۇ تولا . بۇلارنىڭ ئەكسىچىمۇ شۇنداق .بۈيۈك چىن سۇلالىسى ،بۈيۈك رىم ئىمپېرىيىسى ،بۈيۈك ئەرەب ئىمپېرىيىسى ، بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قاتارلىقلار چوڭ بولغانلىقتىن ،خەلقنىڭ ئۇرۇش-يېغىلىقلار دەستىدىن ئاھۇ-زارىنىڭ كۆچىيىشى ، ئالۋان - ياساقلارنىڭ ئېغىرلىشىشى بىلەن تەڭ ئىمپېرىيە زېمىنىمۇ كېڭەيگەن . ھازىرقى مەمۇرىي رايونلارنى مىسالغا ئالساق ، بىر يېزا ياكى بىر كەنت ئەڭ كىچىك ھېسابلىنار ؟ بىراق ھازىر جۇڭگودا ئەل-جامائەت غەزەپكە كەلگەن ،يۇقىرىغا دەرد-ھال ئېيتىپ بارىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يېزا ۋە كەنتلەر ھېلىمۇ بار . ئېنىقكى ،بىز بۇنىڭدىن ھەقىقىي تىرىشىشىمىز كېرەك بولغان نىشاننىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالالايمىز . بىزنىڭ بىردىنبىر تىرىشىش نىشانىمىز دۆلەتنىڭ مەدەنىي دېموكراتىيىسى ۋە ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك .

ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆلچەم قىلىش ياكى دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇشى ۋەياكى بىرلىككە كېلىشىنى ئۆلچەم قىلىش - ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى دۆلەت قارىشى توغرىسىدىكى سەپسەتىلەرنىڭ قالدۇقلىرىدۇر . ئىمپېرىيە دەۋرىدە «جاھاننىڭ ھەممىسى خانىنىڭدۇر ؛جاھاننى باشقۇرۇۋاتقانلارمۇ خانىنىڭ ۋەزىرلىرىدۇر» بولۇپ ، دۆلەت پادىشاھنىڭ خالىغانچە ئات چاپتۇرۇپ ،شىكار قىلىپ يۈرۈيدىغان ،چىرايلىق خوتۇن-قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلالايدىغان يېرى ئىدى . ئەلۋەتتە بۇنى دۆلەتنىڭ چوڭلۇقىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ .

بىراق ئادەتتىكى پۇقرالار ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئەھمىيىتى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ . ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئېيتىشىڭىز يوق .شۇڭا دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ ئات چاپتۇرىدىغان مەيدان مەيلى قانچىلىك چوڭ بوپكەتسۇن ،ياكى كىچىك بوپكەتسۇن ،بۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق . ئىككىنچىدىن ، ساھىبجامالىلار ھەرقانچە كۆپ بوپكەتسۇن ،ئوخشاشلا سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق . ساياھەتچىلىكنى مىسالغا ئالايلى ، بىر كىچىك دۆلەت ناھايىتى باي بولسا ، مەسىلەن : شۋېتسارىيىدەك ،ئۇنىڭ خەلقى پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزلىرىنىڭ ئارقا باغچىسى دەپ قاراپ ، قايەرگە بارغۇسى كەلسە شۇيەرگە بارالايدۇ . ئۇنداقتا ، بۇدۇنيا ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك كىچىكلىك قىلار-ھە ؟ ئەكسىچە ، نامرات چوڭ دۆلەتلەردىكى خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۆمۈرۋايەت تۇغۇلغان يۇرت - مەھەللىسىنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىسە ،بۇنداق دۆلەت چوڭلۇقتا «كۆن پاتماس»بوپكەتسىمۇ ،بۇنىڭ ئاۋام پۇقرالار ئۈچۈن نېمە پايدىسى بولسۇن ؟

مەن بۇيەردە «كىچىك دۆلەت بولۇپ خەلقنى بېيىتىش»غايىسىنى تەرغىب قىلىۋاتقىنىم يوق ، ئەكسىچە ،دۆلەت چوڭ-كىچىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر خەلققە چوقۇم ھەقىقىي بەخت يارىتىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەۋاتىمەن . دەسلەپكى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك ، شەكىل مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . جاھاننى ئەمىنلىككە ،خەلقنى ئاسايىشلىققا ئىگە قىلالايدىغانلا بولسا ، مەيلى يەتتە بەگلىك بولسۇن ،ياكى بىرلىككە كەلگەن چىن خاندانلىقى بولسۇن ، قانداق شەكىلدىكى دۆلەت بولسا بولۇۋېرىدۇ .ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ ئەينى ۋاقىتتا چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئالقىشلىغان ئەمەس ،شۇنداقلا چىن شىخۇاڭنىڭ زالىملىق بىلەن تاڭغان مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ ھەرگىز ئادا قىلغان ئەمەس .

جياۋگوبياۋ ئىمزالىق بۇمۇلاھىزە «جەنۇب مەركىزىي شەھەر گېزىتى»《南方都市报》نىڭ 2003-يىل 15-يانۋار سانىغا بېسىلغان . «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»ژۇرنىلى《杂文选刊》نىڭ 2003-يىل 4-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . **ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي**تەرجىمىسى

# «ۋەتەنپەرۋەرلىك»ھەققىدە ئۈچىنچى خىل نۇقتىئىنەزەر

بەزىلەر ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ،بىلىپ-بىلمەيلا پادىشاھلارغا خاس روھىي ھالەت ۋە سەزگۈ بىلەن ئىلگىرىكى پادىشاھلار ھاكىملىقىدىكى ھەممە نەرسىنى ئەڭ ئۇلۇغۋار كۆرسىتىپ ،باشقىلارنى ئۆزىدىن پەس تۇرىدۇ ھەم ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشى ھەق ،دەپ ھېسابلاشقا ئادەتلەنگەن . چىڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ كۆزەتكەندە ئۇنداق كىشىلەرنىڭ بۇھەقتىكى بىرىنچى نۇقتىئىنەزىرى مۇنداق :ئەڭ ئىلگىرىلىگەن ۋە ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەل - جۇڭگو .بۇنىڭدا ئۆتكەن خانلارمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى ، ئەلۋەتتە .

كېيىن غەربنىڭ مەدەنىيەتتە ئۆزۈپ كەتكەنلىك پاكىتى بۇنداق كىشىلەرنىڭ بۇخىل قارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچى خىل نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى : ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى قانچىلىك نېمىتى ؟ يېقىنقى بىرقانچە يۈز يىلدىن بېرى بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى - شۇ ! ئەجدادلىرىمىز ئەينى چاغدا ئۇلاردىن كاتتا ئىدى ، جەمئىيىتىمىزمۇ ئۇلارنىڭ بۈگۈنىدىن كۆپ ياخشى ئىدى .

مانا ھازىر ،كىشىلەر «كاپىتال»نىڭ تەرجىمانى ۋاڭ يانەن ئەپەندى 1949-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان

www.uyghurkitap.com

نۇقتىئىنەزەرنى، جۇڭگودىكى بيۇروكرات سىياسەتنىڭ ئاسارىتىدىن كېلىپ چىققان ئوڭشاش بىلەن قالايمىقانلىشىشتەك يامان دەۋرىيلىك سەۋەبىدىن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق سوزۇلما ئاپەت ۋە تۇرغۇنلۇققا دۇچار بولغانلىقىدەك پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولۇۋىدى، بەزى تەرەققىيپەرۋەرلەر چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇلار ئاغزىلىرىدىن شاللىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ ئەيىبلەشتى: ئەجدادلىرىمىز زادى نېمىش قىلغان بولغىيتتى؟ بىزدەك خۇاشيا ئەۋلادلىرى نېمىدېگەن شورپېشانە!

بۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ھەققىدىكى ئۆچىنچى خىل نۇقتىئىنەزەرنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: تارىخقا باھا بېرىشتە تارىخ دەرسلىكلىرىنى ۋاراقلاپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق. بىز پەقەت 16-ئەسىردىن كېيىنلا خارابلىششقا قاراپ ماڭغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قالتىس ئىدۇق.

زادى قاچاندىن باشلاپ خارابلاشقانلىقىمىزنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، گۈللىنىش بىلەن خارابلىششنى دەڭسەپ كۆرۈشتە ئۇنىڭدا زادى نېمىنىڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلىنغانلىقىغا قاراش زۆرۈر. مېنىڭچە، بۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئازاد بولغانلىقىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلىش كېرەك. گۈللىنىش بىلەن خارابلىشش ھەققىدىكى تالاش-تارتىشتا بۇ ئۆلچەم چەتكە قېقىلسا، شۈبھىسىزكى ئۇ بىر تۈگىمەس گەپلا بوپقالىدۇ.

دېمەك، ئادەملەر ئازادلىقىدا ئالدى بىلەن تۈزۈم كاپالىتىگە تايىنىش كېرەك. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن ياكى زاۋال تاپقانلىقىغا باھا بېرىشتە، ئاشۇ جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئادەمنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتا زادى قانچىلىك رول ئوينىغانلىقىغا قاراش لازىم.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 507-يىلى، دەل جۇڭگونىڭ پاجىئەلىك ئۇرۇش ئارقىلىق خانلىق تالىشىۋاتقان ئەمىنىيە دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇچاغدا جۇڭگودا ئاپئاق سۆڭەك ۋە قىپقىزىل قانلار بىلەن خانلىق تەختىنىڭ ھۇلى قويۇلدى؛ ئافىنالىقلار بولسا ھۆكۈمەتنى سايلام ئارقىلىق قۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنى قول كۆتۈرۈپ كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالار كېيىنكى ئافىنا ھۆكۈمىتىنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ ھۆر ئادەم دېگىنى پۇقرالارنى كۆرسىتەتتى. پۇقرا دېگەن ئۇقۇم ھازىر بىزنىڭ نەزىرىمىزدە زامانىۋى ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ تېخى! ئافىنادىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ پۇقرالار كېڭىشىگە قاتنىشىش ھوقۇقى بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە مۇھىم ئەمەلدارلارنى سايلايتتى. ئافىنادا بۇخىل تۈزۈم دەل ئىككى ئەسىر داۋاملاشتى. «دېموكراتىيە» كەلىمىسىنىڭ ئىختىراچىلىرى دەل ئافىنالىقلاردۇر. بۇ كەلىمە «خەلق» ۋە «ھۆكۈمرانلىق» دېگەن ئىككى خىل مەنىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، «خەلق يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمرانلىق» دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

گرېتسىيىدە ھۆكۈمەتنى خەلق سايلاش تۈزۈمى مەيدانغا كەلگەندە، ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى رىم شەھىرىدىمۇ دەل مۇشۇنداق ھۆكۈمەت بارلىققا كەلدى. بۇخىل تۈزۈم «جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ تۈپ مەنىسى «ھۆكۈمەت ئىش ۋە ئاۋام»دىن ئىبارەت بولۇپ، «جۇمھۇرىيەتچىلىك خەلققە مەنسۇپ ئىشتۇر» دېگەن ئۇقۇمنى بېرەتتى. رىم جۇمھۇرىيىتى جۇڭگوغا ئوخشاش بويسۇندۇرۇلغان رايوندىكى خەلقنى قۇل قىلماي، ئەكسىچە خەلققە شۇ رايوننىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىنى بېرىپ، ئۇلارنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بويسۇندۇرۇلغان خەلق شەھەر خەلقىگە، شەھەر خەلقى پۇقرالارغا ئايلىنىشتەك ئۆزگىرىشنى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدىكى سايلىمى رىمدىكى ئەڭ چوڭ مەيداندا ئۆتكۈزۈلەتتى؛ ئاشۇ مەيداننىڭ خارابىسى مانا ھازىرمۇ تۇرۇپتۇ. بۇمەيداننى رىملىقلار پەقەت سايلام ئۈچۈنلا ياسىغان. ھالبۇكى جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا بولسا، پۈتكۈل مەملىكەتتىكى پۇقرالارنىڭ ھايات-ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار پەقەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستائەتمەن ۋەزىر-ۋۇزرالارلا ئاياغ باسالايدىغان خان ئوردىلىرىدا قارار قىلىنىپ كەلدى.

نەچچە مىڭ يىللىق جۇڭگو تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خەلق سايلىمى دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇد بولۇپ باققان ئەمەس. مىلادى9-ئەسىرگە يەنى جۇڭگودىكى ئىستىبداتلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئەۋجىگە چىققان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بولسا شىمالىي ياۋروپادا «سوت يىغىنى» بارلىققا كەلدى. بۇخىل يىغىنمۇ چوڭ مەيداندا ئۆتكۈزۈلەتتى، پۇقرالار بولسا قانۇننى مۇزاكىرە قىلىش، قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى؛ پادىشاھنى قوللايدىغان ياكى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيتتى؛ پادىشاھنىڭمۇ پۇقرالار قۇرۇلتىيى تۈزگەن قانۇنغا بويسۇنىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بېرىشى شەرت ئىدى. دېمەك 10-ئەسىرگە كەلگەندە باراۋەرلىك ئېڭى ھەممە پۇقرانىڭ كاللىسىدا شەكىللىنىپ بولغانىدى. بىزدە بولسا ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار چېغىدا ئۆزىنى قانۇندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويالايدۇ.

930-يىلىغا كەلگەندە، يەنى بەش سۇلالە دەۋرىدە جۇڭگودا قان-ياش ۋە جەسەتلەر بەدىلىگە خانلىق ھاكىمىيەت ئالمىشىۋاتقاندا ئىسلاندىيىنى ئاچقۇچى ئىسكاندىناۋىيىلىكلەر ئالىلىقاچان ناھايىتى چوڭ بولغان كېڭەشنى - مىللىي كېڭەشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇ باشقا دۆلەتلەردىكى پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ ئاساسى، ئىسلاندىيە قانۇنلىرىنىڭ مەنبەسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نورۋېگىيە، دانىيە، شۋېتسىيەلەردىمۇ يەرلىك كېڭەشلەر تەرەققىي قىلىپ مىللىي پارلامېنتلارغا ئايلانغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىلگىرىلەشلەرنىڭ جۇڭگونىڭكىدىن كېيىن تۇرۇدىغان ياكى تۇرمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ «جۇڭگو 16-ئەسىردىن كېيىن

ئاندىن خارابىلىقتا يۈز تۇتقان» دېگەن نۇقتىنىنەزەرنى ئىنكار قىلالايدىغان پاكىت قىلالمايدىغانلىقى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. شۇنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇش زۆرۈركى، 1787-يىلى 9-مايدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكىنىڭ 13 شتاتىدىن كەلگەن 55 ۋەكىل فىلادېلفىيە شەھىرىگە جەم بولۇپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان دېموكراتىك تۈزۈمىنى بېكىتىپ چىققان مەزگىلدە بولسا، جۇڭگو چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەم قويغان بولۇپ، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئۇزۇن چاچ قويۇپ، يەنىلا پادشاھقا «ئالىيلىرى ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەنمىڭ يىل ياشىغايلا!» دەپ تىزلىنىۋاتاتتى؛ يۇڭجېڭ بىلەن چيەنلۇڭنىڭ ئالدىغا كەلگەن «قەلەم دەۋرلىرى» (كونا جەمئىيەتتە ئەمەلدارلارنىڭ قەلەمدار زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قەستەن قۇسۇر تېپىپ، ئۇلارغا گۇناھ ئارتىشىنى كۆرسىتىدۇ. — تەرجىماندىن)نى «ئەبەدىي نۇرلانغايلا» (光大发扬)ئەنئەنىسى بويىچە بىرياقلىق قىلىۋاتاتتى؛ مۇستەبىت ھاكىمىيەت پەيدا قىلغان قانخورلۇق ۋە تېررورلۇق يەنىلا مەۋجۇد ئىدى؛ ئىستىبداتلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا پەن ۋە مەدەنىيەت خازان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خانىۋەيران ئىدى.

جەمئىيەتنىڭ ئىلغارلىقى — كۆز قاراشنىڭ شۇنداقلا تۈزۈمنىڭ ئىلغارلىقىدۇر، ئاۋامنىڭ سىياسىي ھوقۇقتا ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىشىدۇر. بۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ مۇھىم چەك. مانا بۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىلغارلىق ياكى قالاقلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. ھالبۇكى جۇڭگونىڭ قالاقلىقى دەل كۆز قاراشتىكى قالاقلىق، تۈزۈمدىكى قالاقلىق، شۇنداقلا خەلقنىڭ سىياسىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇخىل قالاقلىق دەل ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇرۇق ۋە قەبىلىگە خاس ھوقۇق فورماتسىيىسى (ئاقساقاللىقلا گېپى گەپ بولىدىغان ھاكىممۇتلەقلىق — يەنى ھازىردەۋاتقان «بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب بولۇش»)نىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان. چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، جۇسۇلالىسى شەكىللەندۈرگەن فېئوداللىق جەمئىيەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جۇڭگونى تولۇق مۇستەبىت جەمئىيەتكە باشلاپ كىردى؛ بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا دېيىلگەن قالاقلىق دۇنيادا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇخىل ھالەت مۇنداق يامان دەۋرىيلىكتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ: يەنى ئىسيان ۋە ئۇنى باستۇرۇش نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي جۇغلانما خوراپ، جەمئىيەت بىلەن ئىگىلىك كونا خانلىق بىلەن بىرگە گۇمران بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لەختە-لەختە قان بىلەن يۇغۇرۇلغان يېڭى مۇستەبىت خانلىق تۇرغۇزۇلدى. ئۇمۇ يەنە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇستەبىتلىك قىلىش، تالىشىش، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، ئاخىرى بېرىپ بىت-چىت بولۇشتەك كونا سەنەمگە دەسسەۋەردى. دېمەك، دېموكراتىيىگە ياتىدىغان ھەرقانداق ئامىلنىڭ مەۋجۇد بولۇشىغا قىلچە ئىمكان بېرىلمىدى.

ۋەتەنپەرۋەر بولۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى پېقىر مىللەتپەرۋەر كۆرسىتىمەن، دەپ پاكىتقا ئىللا-بىللا كۆز يۇمۇپ تۇرۇۋالماي، تارىخقا توغرا قاراش كېرەك. بۇيەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇش زۆرۈردەك قىلىدۇ: مىللەتپەرۋەر ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، ئىمتىيازغا تايىنىپ يېرىلىپ كەتكۈدەك سەمرىگەنلەر؛ يەنە بىر بولسا، ئەشۇ «سېمىز»لەر تەرىپىدىن گالۋاڭلاشتۇرۇلغان قۇلسىياقلار شۇنداقلا روھىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردۇر. ۋەتەنپەرۋەر سىياقىدىكى ئاشۇ پېقىرلار دەل ئىككىنچى خىلغا كىرىدۇ.

«ۋەتەنپەرۋەرلىك»نى ئىپادىلەشتىن مۇستەسنا يۇقىرىقى بايانلارنى ئاڭلىغان بەزىلەر «ئۇنداقتا بىزدە زادى ئۈمىد يوقمۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئافىنالىقلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 507-يىلى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى سايلىغان بولسا، بۈگۈن بىزدە دېھقانلارمۇ كەنت ئەمەلدارلىرىنى سايلاۋاتامدۇ؟ مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر قالتىس باشلىنىشتە!

---

سۇ جۇڭجېي قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «دۇنياغا نەزەر»《看世界》ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 3-سانىغا بېسىلغان. ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى»《河北日报》بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»《杂文月刊》نىڭ 2003-يىل 5-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان

## پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ قوزغىتىلىشى

پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىش تارىخىنىڭ زادى قايسى زامانلىرىدىن باشلانغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق، مېنىڭچە، بۇنىڭ خان جەمەتىدىن باشلانغانلىقىدا شەك يوق. قەدىمكى جۇڭگولۇقلار «دۇنيانىڭ مەركىزى خۇاشيا — جۇڭگو» دەپ قارايتتى. خان جەمەتى بولسا، خاننى خۇاشيانىڭ مەركىزى دەپ بىلەتتى. دېمەك پەخىرلىنىش تۇيغۇسى دەل مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. جۇڭگودا شۇنىڭدىن باشلاپ ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنى كەمسىتىپ، ئۆزىدىن پەس كۆرۈدىغان ئاڭ شەكىللەنگەن. ئىشقىلىپ خان — پادشاھلارغا ياندىشىپ پىكىر قىلىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ مۇشۇ خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدىن ھوزۇرلىنىپ يۈرگىنىگە بەكمۇ ئۇزۇن زامانلار بوپكەتتى.

بىراق دۇنيانىڭ كۈچلۈكلىرى جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن ئېچىپ، تۇشمۇ تۇشتىن بېسىپ كىرىپ، خان جەمەتى ۋە پۇقرالارنىڭ ئېڭىدىكى «دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇش نەزەرىيىسى» نى بىت-چىت قىلغاندىن كېيىن، روھىي تۈۋرۈك ھېسابلانغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆزىنى كەمسىتىشكە ئورۇن بوشاتتى. بۇنىڭ بىلەن زەئىپلەشكەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قايتا قوزغىتىش زۆرۈر بولدى. بىراق قانداق قوزغىتىش كېرەك؟ قوزغاتقۇچىلار جۇڭگو تېررىتورىيىسىنى باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئۈستۈنلۈك، دەپ بىلدى. مەسىلەن، ئۇلار كۈچلۈك ئەللەرنىڭ تېررىتورىيىسى كىچىك، ئادىمى ئاز ئىكەنلىكىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، «خۇاشيانىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، نوپۇسى كۆپ» دېگەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاتتى. بىراق ئۇلار باشقا ئەللەرنىڭ سانائەت ۋە تېخنىكىدا بىزدىن ئۆزۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، «بىز پەقەت يېقىنقى زاماندا چېكىنىپ كەتكەن بىلەن، ئەجدادلىرىمىز باشقىلاردىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى» دېيىشتى. باشقا ئەللەر بىلەن بەس تالاشقۇدەك بىرەر نەرسە تاپالماي قالغاندا بولسا، ئۇلار زادى كىمنىڭ يېشى چوڭكەن؟ دېگەننى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى «تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەل» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىمىزدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاتتى. كۈچلۈك ئەللەرنىڭ بارغانسېرى روناق تېپىپ، ئىلمىزنىڭ كۈنسايىن بىقۇۋۇل ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەتتا ھوقۇق ھۆلىنىڭمۇ لىڭشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇلار پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ يەنە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ئۇلار بۇنىڭغا پۈتۈن زېھنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سالدى. شۇنىڭ بىلەن تونۇش، يادلاش ۋە يېزىش قىيىن بولغان تۆت چاسا خەتمۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئويغىتىشنىڭ مەنبەسى قىلىندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پاكىتى «بۇ دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق يېزىقتۇر. قېنى، قايسى مىللەت شۇقەدەر پەم-پاراسەتكە ۋە سەلتەنەتلىك ئىجادىيەتكە قادىر بولالىغان؟» دەپ جار سېلىشتى. ھەتتا تۆت چوڭ دەريا، ئۈچ چوڭ تاغ تىزىمىسىمۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىشنىڭ مەنبەلىرىدىن بوپقالدى. ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىزدە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا - جومولاڭما چوققىسى بار! قېنى كىمنىڭ مۇشۇنداق ئېگىز چوققىسى بار؟!» سەددىچىن بىلەن بۈيۈك قانال ھاسىل قىلغان پەۋقۇلئاددە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەكرارلىنىپ مەززىسى قالمىغاندا، بەزىلەر پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىشنىڭ يېڭى مەنبەسىنى تېپىپ چىقتى: ئۇلار خەرىتىگە قاراپ، جۇڭگونىڭ بىر پارچە تاشئالما يوپۇرمىقى (ئۇ چاغدا موڭغۇلىيە تېخى مۇستەقىل بولمىغان بولغاچقا، بۇ «تاشئالما يوپۇرمىقى» ھازىرقىدەك كەمتۈك ئەمەس ئىدى) غا، بوخەي دېڭىزى قولتۇقىنىڭ دەل «يوپۇرماق» ساپىقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بەئەينى شېئىرىي ھېسسىياتتا پارتلىدى: «ئېھ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىم، سەن گويا تاشئالما يوپۇرمىقىدەك گۈزەلسەن!»

نامراتلىق ۋە ئاجىزلىق قانچە ئېغىرلاشقانسېرى جۇڭگو ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋەردى؛ بىقۇۋۇللۇقتا يېگەن زەربىلەر خان تەختىنىڭ ھۇلىنى لىڭشىتىپ، ئۇنى زەئىپلەشتۈرگەنسېرى، بۇئەيىبىنى يېپىشقا كۆڭۈلدىكىدەك دەستەك تېپىش ئۈچۈن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىشقا كۈچەۋەردۇق. بىز شۇنداق دەپ داۋراڭ سالدۇق: «بىز نامرات ۋە قالاق ئەمەس؛ بىز دېگەن قەدىمكى كۈچلۈك ئەللەردىن. بىز گۈللىنىپ روناق تاپماقتىمىز؛ بۇنىڭ سەۋەبى: خانلىرىمىزنىڭ دانا، ئۇلۇغ، ئەبەدىي سەلتەنەت ساھىبى بولۇشقا مۇناسىپ خانلاردىن ئىكەنلىكىدە» — دەل بۇنداق پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاتقۇچىلار، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىقارغان «ئەڭ سەمىمىي ھېسسىياتلار» دىن ئىدى. «قىزىل زامان» غا كەلگەندە بۇخىل قوزغىتىش يېڭىچە مەنبەگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ يۇكسەك پەللىگە چىقتى. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن «قىزىل قۇياش» (ماۋزېدۇڭ) پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ باي مەنبەسى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن پۈتكۈل مىللەت ئۆزىنىڭ «قىزىل قۇياش» نىڭ پارلاق نۇرىغا چۆمۈلگەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلەندى. ئىككىنچىدىن، «خۇاشيا - جۇڭگو دۇنيانىڭ مەركىزى ئىدى» دېگەن قەدىمكى مەپكۇرىنىڭ يېڭى راۋاجى بولمىش «جۇڭگو - دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى»، «بىز دېگەن ئەڭ بەختلىك دەۋردە ياشىماقتىمىز»، «بىز دېگەن دۇنيانىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئىگىلەيدىغان جاپاكەش ئەمگەكچى خەلقنى ئازاد قىلىشتەك مۇقەددەس بۇرچنى زىممىمىزگە ئالغانمىز» دېگەندەك كلاسسىك قىزىل نەزەرىيە، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك گۈلخانغا ئايلاندۇردى. ئاشۇ خاموشلاندۇرغۇچى قىزغىنلىق ئىچىدە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇششاق-چۈششەك يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىش ئېھتىياجى بىلەن ئىلاھلاشتۇرۇلدى، توقۇلمىلاشتۇرۇلدى. شۇڭا قانداقتۇر «ئامېرىكا دۆلەت كاتىپى باش مىنىستىر جۇئېنلەي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ‹سىلەر جۇڭگولۇقلار مەينەت› دېگەننى قىلىپ، قولىنى ياغلىقتا سۈرتۈپ ياغلىقنى يانچۇقىغا سېپتىكەن، جۇئېنلەيمۇ ‹چەت ئەللىكلەر جۇڭگولۇقلاردىنمۇ ئۆتە مەينەت› دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇئانلا قولىنى ياغلىقتا سۈرتۈپ ياغلىقنى يەرگە تاشلىۋېتىپتۇدەك»؛ «باش مىنىستىر جۇئېنلەي چەتئەل مۇخبىرلىرىنى كۈتۈۋالغان چاغدا، بىر مۇخبىر قەستەن ‹جۇڭگو سائىتى توغرا ماڭامدىغان!› دەپ مازاق قىلىش مەقسىتىدە، ۋاقىتنى توغرىلىۋېلىش باھانىسى بىلەن جۇئېنلەينىڭ سائىتىنى سوراپتىكەن، ئۇ بىلىكىدىكى «شاڭخەي» ماركىلىق سائىتىنى ئېلىپلا يەرگە تاشلاپتۇ. ھېلىقى

مۇخبىر سائەتنى يەردىن ئېلىپ قارىسا توپتوغرا مېڭىۋاتقىدەك» دېگەنلەر چۆچەك بولدى.

بىر مەھەللىلىك خامۇشلاندۇرغۇچ قىزغىنلىق پەسكويىغا چۈشۈپ، ئەقلىيلىك تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىۋېدى، «قىزىل زامان»نىڭ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاتقۇچ بايلىقلىرى تۈترۈقمۇ بولالمايدىغان ئەخلەت سۈپىتىدە مازاق كۈلكىلىرىنىڭ ساپىقىغا ئايلىنىپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. دۇرۇس، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن بۇيان ئىشقا سېلىنغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىدىغان بايلىقلارنى، دۇنيا ھازىرقى زامان تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنەرسىلەر تولا تەكرارلىنىۋېرىپ لاۋزىلىشىپمۇ كەتتى. ئۇنداقتا، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىدىغان بايلىقلار قۇرۇپ كېتىۋاتقان تۇرسا، ئۇنى يەنە قانداق قىلىپ قوزغاتقىلى بولار؟ ئالدىرىماڭ، قوزغاتقۇچىلار بۇنىڭمۇ ئامالىنى تاپتى. ئۇلار ئېيتىدۇ: «چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇقلاردىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر بارغۇ. دۇرۇس، ئۇلار ھازىر جۇڭگو پۇقراسى ئەمەس، نوبېل مۇكاپاتىنىمۇ چەت ئەلدە ئالدى. بىراق ئۇلار دېگەن بىز بىلەن قانداش بولغاچقا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىسپاتلىدى. بۇ پەخىرلىنىشكە ئەرزىمەمدۇ؟!»؛ «دۇنيا توپ مۇسابىقىلىرىدە جۇڭگولۇقلارمۇ بىر قانچە توپنى ئوبدان كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن ئالتۇن مېدال ئالدىغۇ؟ بۇ بىزنىڭ پەخرىمىز ئەمەسمۇ؟» بەزىلەر بۇنداق قوزغاتسا، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاخىرى دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىكى تاشقا ئايلانغان پاكىتلارنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. ھەرقېتىم ئارخېئولوگىيىدە بىرەر نەرسە بايقالغان ھامان ئۇلار رەھبەرلەرگە ۋە مۇخبىرلارنىڭ ئاپپاراتلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ھاياجىنىنى باسالماي: — بۇقېتىمقى بايقاش مىللىتىمىز تارىخىنى يەنە مۇنچە يىل ئۇزارتتى!— دېيىشتى. خۇددى تەۋەررۈكلەرنى پەن-تەتقىقات ئۈچۈن ئەمەس بەلكى پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىش ئۈچۈنلا كولايدىغاندەك.

قىسقىسى، بىز باشقىلارنىڭ تەرەققىياتىغا خارامۇشلارچە كۆز يۇمىمىز؛ ئۆزىمىزنىڭ تېرىقچىلىك ئارتۇقچىلىقلىرىمىز (بەزىلىرى ھەتتا ئارتۇقچىلىق ھېسابلانمىسىمۇ)نى بىلگەن ھامان ئەسەبىي ھاياجان بىلەن ئۇنى كۆپتۈرۈمىز. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە خۇدىمىزنى يوقاتقىچە ھاياجانلانغۇدەك، كۆپتۈرگىدەك بىر نەرسە قالمىدى، ئەمدى مانا «زادى كىمنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇنكەن؟» دېگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن جەندە كولاشقا كىرىشىپ كەتتۇق. بۇ نېمىدېگەن پاجىئەلىك مىللىي پىسخىكا-ھە!

سۇجۇڭجېي قەلەمىدىكى بۇ فېلىيەتون «خۇنەن ئاۋازى گېزىتى» 《湘声报. 观察周刊》نىڭ 2003-يىل 18-ئاپرېل سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 《杂文选刊》 ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 6-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى:

**سەۋدايى**

## مەدەنىيەت قارىغۇلۇقى

جۇڭگودا نۇرغۇن زىيالىيلار ئامېرىكىنىڭ ماددىي جەھەتتە باي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق ئامېرىكىنىڭ «مەدەنىيەتتە كەمبەغەل» ئىكەنلىكىنى كەمسىتىدۇ. ھەتتا ئامېرىكىنى ھېچقانداق «مەدەنىيىتى يوق» دۆلەت، ئامېرىكىلىقلار-نى «ئىقتىسادىي مەخلۇق» دەپ قارايدۇ. بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەت بويىچە فېلىيەتون تەھرىرلىكى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى» مەزگىلىدە مەلۇم بىر ئۆلكىلىك گېزىتنىڭ قوشۇمچە سانىغا مەسئۇل بىر مۇدىرى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بەكلا تەكىتلەپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ بىر ھازاغىچە دۇدۇقلاپ، كېكەچلەپ تۇرۇپ: «لاۋزى بىلەن جۇاڭزى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە كىرىدۇ» دېگەنىدى. بۇنداق مەدەنىيەت چۈشەنچىسى ۋە قارىشىغا ئادەمنىڭ كۈلكىسى كېلىدۇ. ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنى چۈشەنسۇن؟

ئامېرىكا راستىنلا «مەدەنىيەتتە كەمبەغەل»ياكى ھېچقانداق «مەدەنىيىتى يوق»دۆلەتمۇ؟ مېنىڭچە، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغىنىغا ئىككى يۈز نەچچە يىللا بولغان بولسىمۇ، بىراق ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، خېلى تەرەققىي قىلغان. ياۋروپادىكى 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە داۋاملاشقان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى مىسلىسىز گۈللەنگەن باسقۇچقا كىرگۈزدى. تەبىئىي پەنلەر ۋە پەلسەپە، ئەدەبىيات، مۇزىكا، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق قاتارلىق سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئورتاق تەسىر كۆرسىتىشى ۋە مەرىپەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئىنسانلارنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق مەنبەسى شەكىللىنىپ، ئىنسانلارنى ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي يېڭى بىلىشكە ۋە يېڭى قىممەت قارىشىغا ئىگە قىلدى. مانا بۇ ئەركىنلىكنىڭ — جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى ۋە مەنزىلى ئىدى. 18-ئەسىرگە كەلگەندە سىياسىيشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنى ئاساس قىلغان ئاشۇ مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ئاساسىدا تېز تەرەققىي قىلىپ، ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى دەسلەپكى قەدەمدە

www.uyghurkitap.com

تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ قۇرۇلۇش پىلانى دەسلەپ ئامېرىكىدا ئىشقا ئاشتى. ئەگەر «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ۋە «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى بۇ قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ پروگراممىسى ۋە شوئارى دېسەك، ئۇنداقتا 1767-يىلى ئامېرىكىدىكى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ۋە ئۇ بەرپا قىلغان دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى بۇ پروگرامما ۋە شوئارنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت گۈللىرى تۇرسا، ئامېرىكىنى قانداقمۇ مەدەنىيىتى يوق دۆلەت دېگىلى بولسۇن؟ ئەجەبا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»ۋە «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» مەدەنىيەت ئەمەسمىكەن؟

ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، نۇرغۇن جۇڭگو زىيالىيلىرى يەنە نېمە ئۈچۈن كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالىدۇ ياكى ئۇلارنى ھەرگىز مەدەنىيەت دەپ قارىمايدۇ؟ ئەسلىدە ئۇلار مەدەنىيەت قارىغۇسى بوپقالغان.

ئىنسانلارنىڭ بەرپا قىلغىنىنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. پەن-تېخنىكا، پەلسەپە، ئەدەبىيات، سەنئەت مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. سىياسىيمۇ مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ بارلىق مەدەنىيەتنىڭ يادروسى ۋە بوياقخانىسى بولۇپ، باشقا مەدەنىيەتنىڭ يۆنىلىشى ۋە رەڭگىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىگە ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېسىل مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن بولسىمۇ، يەنى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ كىشىلىك ھايات ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى بۈيۈك ئىزدىنىشلىرىنى روياپقا چىقارغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەت جەۋھىرى بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت قارىغۇلىرى ئۈچۈن بۇلار مەدەنىيەت ھېسابلانمايدۇ.

مەدەنىيەت قارىغۇلىرىنىڭ سىياسىي مەدەنىيەتنى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىۋېتىشى ناھايىتى زىيانلىق. بىرىنچى زىيىنى، ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۆلكىلىك گېزىتنىڭ قوشۇمچە سانىغا مەسئۇل ھېلىقى مۇدىرى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. ئۇ ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر دەۋاتقان جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتە مۇستەبىتلىك مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىپ، قەدىمكى كىتاب-خاتىرىلەردىن ئەۋلىيا-دانىشمەنلەرنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىنىش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، خەلقنى ئىزگىنلەشنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى تېپىپ چىققانلىقى ۋە نەتىجىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئاستىلىتىۋەتكەنلىكى، بالايىئاپەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. يەنە بىر زىيىنى، مەدەنىيەت قارىغۇلىرى لۈشۈننىڭ «ئەكىلىشپەرۋەرلىك» ئۇسۇلىنى قوللىنالمايدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق، تۈزۈم قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، تىرەن، شۇنداقلا ئاددىي ساۋاتلارغا ئوخشاش چۈشىنىشلىك. بىراق مەدەنىيەت قارىغۇلىرى بۇلارنى كۆرەلمەي، ناچار نەرسىلەر دەپ قاراپ قوبۇل قىلمايدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قارىشى بىلەن ئۇ خىل مەدەنىيەتنى چەتكە قاقىدۇ.

مەدەنىيەت قانچىكى ئىلغار، يۈكسەك، ئۇلۇغ بولسا، شۇنداقلا قانچىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەختى بىلەن بىرگەۋدىلەشسە شۇنچە ئاددىي، ئېنىق، پەردازسىز، ئادەتتىكىدەك بولۇپ، شۇنچە «مەدەنىيىتى يوق»تەك بىلىنىدۇ، شۇنداقلا مەدەنىيىتىمىز ئۇنداق قالتىس، مۇنداق قالتىس دەپ ئۆزىنى داڭلىشىنىڭ، خەلققە مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا كايىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ؛ ئەكسىچە قانچىكى قالاق مەدەنىيەت بولسا، گالۋاڭلىق تۇپەيلى، بىز شۇنچە ئۇنداق ئۇلۇغ، دۇنيانى مۇنداق قۇتقۇزغان، مەدەنىيىتىمىز شۇنداق تىرەن مەزمۇنغا ئىگىكى، زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆگىنىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك دەپ جار سالىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت قارىغۇلۇقىنى داۋالاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئاخىرقى نىشانىنى — ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا ھوقۇق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېيدىغان ئىدېئولوگىيىنىڭ پانقىقىغا پېتىپ قالماسلىقىمىز، قانداقتۇر مول، تىرەن مەزمۇنلارغا غەرق بوپكەتمەسلىكىمىز كېرەك.

---

سۇجۇڭجىي قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «سودا كۈندىلىك گېزىتى» 《每日商报》نىڭ 2003-يىل 15-يانۋار سانىغا بېسىلغان. ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى» 《河北日报》بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» 《杂文月刊》نىڭ 2003-يىل 4-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئازادنىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى

## ئوقۇتقۇچى راستىنلا شامغا ئوخشامدۇ؟

ئوقۇتقۇچى تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر: «دىللارنى يورۇتقۇچى شام-چىراغ، يول كۆرسەتكۈچى ماياك» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلىشىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان بىز ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقىلار ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتا قىلىش، مەسئۇلىيەت دېگەنلەرنىلا تەلەپ قىلىپ كەلدۇق. بىراق ئۇلارنىڭمۇ نورمال كىشىلەرگە ئوخشاش ئېھتىياجى ۋە ئارزۇ-ئارمىنى بولىدىغانلىقىنى ئېسىمىزگە ئېلىپ قويمىدۇق.

يېقىندا دۆلەت ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ پسىخىكا ساغلاملىق تەربىيىسى تەتقىقات گۇرۇپپىسى نەچچە مىڭلىغان ئوقۇتقۇچىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان. تەكشۈرۈشتە %51 ئوقۇتقۇچىدا پسىخىكا مەسىلىسى بارلىقى، ئۇچتىن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىدا «يېنىك دەرىجىدە پسىخىكا توسالغۇسى» بارلىقى ئېنىقلانغان. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىشىچە: ئوقۇتقۇچىلار پسىخىكىسىنىڭ ساغلام بولماسلىقى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئېغىر، روھىي بېسىم كۈچلۈك، تەمىناتى كاپالەتكە ئىگە بولالمىغانلىقتىن ئىكەن. بولۇپمۇ بەزى ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى يېزا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاساسىي مائاشىنىمۇ تولۇق ئالالمايدىكەن. ھەتتا بەزى جايلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى توپتوغرا بىر يىل ئارقىغا سۈرۈپ ۋاقتىدا بەرمىگەن.

2001-يىلى يىل ئاخىرىدا خېنەن ئۆلكىسى مائاشىنى ۋاقتىدا بېرەلمىگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن مالىيىدىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن. 2002-يىلى يۈنىياڭ ناھىيىسىنىڭ گۇجۇاڭ يېزىسى بۇ پۇلدىن 450 مىڭ يۈەننى قىسىۋالغان. ھالبۇكى ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋاقتىدا تارقىتىلمىغان تۇرۇقلۇق يېزىلىق ھۆكۈمەت باھار بايرىمىنىڭ ئالدىدا نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە پىكاپ سېتىۋالغان. ئوقۇتقۇچىلار ئۆلكىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، تېخى ناھىيىدىن چىقماي تۇرۇپلا قولىقى ئۇزۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. بۇ، يازغۇچىلار توقۇپ چىققان ھېكايە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئەھۋال. يەنە كېلىپ ناھايىتى ئوموملاشقان ئىجتىمائىي ھادىسە. ھېچقانداق ئىمتىيازغا ئىگە بولمىغان ئوقۇتقۇچىلار ئاساسىي قاتلام ئەمەلدارلىرىنىڭ خالىغانچە دەپسەندە قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغىنىنى ئازدەپ، جېنىنى بېقىشمۇ تەس بولۇۋاتسا، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ ئەمەلدارلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى قىسىۋېلىپ بەرمەي، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلسا، ئاخىرى نابۇت بولىدىغىنى يەنىلا بالىلارنىڭ ئىستىقبالى بولىدۇ-دە.

ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نۇرغۇن ئىختىساسلىقلار ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن. چۈنكى ئۇ جايلاردا ئوقۇتقۇچىنىڭ كىرىمى كۆپ بولۇپلا قالماي، جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى ئىكەن. دۆلىتىمىزدە بولسا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ياشلارنى قىلچىمۇ جەلپ قىلالمايۋاتىدۇ. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: غەربىي رايونلارنىڭ كىچىك شەھەر-بازار ۋە يېزا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى %90 كە يېقىن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش ئىدىيىسى بەك ئېغىر ئىكەن. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا كۆڭلىدىكىدەك ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتەلمەي پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى بوپقالغىنىغا ئۆكۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەن بولغانلىقتىن، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتۈپلا قالماي، جەمئىيەتتىمۇ ئىناۋىتى يوق دەپ قارايدىكەن.

ئامېرىكىلىق مائارىپشۇناس بويېر مۇنداق دېگەن: «مائارىپنىڭ سۈپىتى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىگە باغلىق. دۆلىتىمىزدە باشلانغۇچ مەكتەپ 1-يىللىقىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرىدەك مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولسا، مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىز ھاياتى كۈچكە تولغان بولاتتى». ئۇ يەنە رەئىس جۇمھۇر (پرېزىدېنت - زۇڭتۇڭ)غا ھەر يىلى 50 شتاتتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا ئاقساراينىڭ شەرق زالىدا زىياپەت بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى نېمىشقا ئۆيەرگە تەكلىپ قىلمايدىكەنمىز؟ ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ قەھرىمانلىرىغۇ.»

ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى كلىنتون بويېرنىڭ تەكلىپىنى قىسمەن قوبۇل قىلغان. 2000-يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاقسارايدا ئېرا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش شەكلى ئارقىلىق يېڭى ئېرانى كۈتۈۋالغان. بۇ ئەڭ مۇنەۋۋەر تارىخشۇناس، فىزىك، شائىر، مۇزىكانت، ئىلاھىيەتشۇناسلار ۋە ئاياللار ۋەكىلى قاتناشقان بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش ۋە مۇنازىرە يىغىنى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نەچچە ئون نەپەر ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئالاھىدە مېھمان قاتارىدا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئاقىللار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر قىلغان.

بىزنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز قاچانلاردا شۇنداق مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولالايدىكىنتاڭ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى: قاچان ئوقۇتقۇچىلارنى «شام» دەپ تەرىپلىمىسەك، شۇچاغدىلا مائارىپىمىز تۈز يولدا ماڭالايدۇ. قاچان ئوقۇتقۇچىلىرىمىز «قەھرىمان»لارغا قىلىنىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالىسا، شۇچاغدىلا بالىلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ.

---

*باش ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

شۇي جېي قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى»《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى»《杂文报》نىڭ 2003-يىل 8-ئاپرېل سانىغا بېسىلغان.

**ئاينۇر مەتتۇرسۇن ناۋاي** تەرجىمىسى (M1)



# مۇستەبىتلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس

ئىراق ئۇرۇشى 20-مارت پارتلىغاندىن تارتىپ 1-مايدا ئامېرىكىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى بۇش ئىراقتىكى ئاساسلىق ئۇرۇش ئاياغلاشتى دەپ جاكارلىغانغا قەدەر ئالاھەزەل 40كۈن ئۆتتى .ئۇرۇش باشلانغاندا ئامېرىكا - ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستا بولغانىدى . بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ ، گېزىت-ژۇرناللاردا ،رادىئو-تېلېۋىزىيىدە ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئىراقتا «خەلق ئۇرۇشى قايnمى»غا كىرىپ قالدىۇ ، دېيىشكەنىدى . كۈتۈلمىگەندە ئۇرۇش ۋەزىيىتى تېزلا ئۆزگىرىپ ، ئامېرىكا-ئەنگ-لىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى توختىماي ئىلگىرىلەپ ، ئاساسەن دېگۈدەك تۈزۈكرەك قارشىلىققىمۇ ئۇچرىمىدى . ئۇلار ئىراق پايتەختى باغدادنى ۋە بەسرە ،موسۇل قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىدى .

جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىراق ئۇرۇشى توغرىسىدىكى تەھلىلى كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈردى . گەپ ئامېرىكا-ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ شىددەتلىك ئىكەنلىكىدە ياكى ئىراق ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈك تاقابىل تۇرمىغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆتكۈر ئەمەسلىكىدە . ئەمەلىيەتتە ،ئىراق ئۇرۇشى پارتلاشتىن بۇرۇن نەزىرى ئۆتكۈر بەزى جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەر : سادداm «بىز تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇب قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ قويدۇق ۋە ئۇنىڭغا بەل باغلىدۇق . . تاجاۋۇزچىلارنى باغداد شەھىرىنىڭ سىرتىدا يوقىتىمىز »دەپ كەينى-كەينىدىن لاپ ئۇردى ، ئەمەلىيەتتە سادداm ھوقۇقىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا ئىراقنىڭ رېئاللىقىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويدى ، دېگەنىدى .يەنى مۇتەخەسسىسلەر «سادداm ئىراقتا ھاكىمىيەت تۇتقان 30يىل جەريانىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ، ئۇنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ساپلا ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق ئۇچۇرلار بولۇپ ، پايدىسىز ئۇچۇرلارنى خاتا ئۇچۇر دەپ تاشلىۋەتكەن ، شۇڭلاشقا سادداm ئىراق ئارمىيىسى بىلەن خەلقى مېنىڭ توغرا ھەم قەتئىي رەھبەرلىكىمدە تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتالايدۇ دەپ ئويلايدۇ »دەپ قارىغان . پۈتكۈل دۇنيا (جۈملىدىن نەزىرى ئۆتكۈر

## ئالەم جاھانغا [illegible]

ئەمەس ئاشۇ جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەرمۇ) ئىراق ئامېرىكىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، بىراق سادام ئىراقنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ، ھۆكۈمەتمۇ ئىراقنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىدۇ، شۇنداقلا ئارمىيە ۋە ئاۋام خەلقتىنمۇ ئىراقنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قارىغان. 1991-يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا پۈتكۈل دۇنيا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرى غەلىبە قىلدى دەپ قارىغاندى. بىراق سادام تەمىنلىگەن، ئىراق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «ئۆلچەملىك جاۋاب»تىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقى مەلۇم بولغانىدى. بۇ خاتا ئۇچۇرلار سادامنى، ئىراق ئارمىيىسى ۋە خەلقىنى، شۇنداقلا جۇڭگولۇق بەزى مۇتەخەسسىسلەرنى خاتالاشتۇرۇپ قويىدى. گەرچە ئۇلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىراقنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغان دەرىجىدە كالۋا بولمىسىمۇ، بىراق ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، ئامېرىكا-ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى «خەلق ئۇرۇشى قاينىمى»غا كىرىپ قالىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

مۇشۇ ئاساستا يەنە مۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇ: ئىراقتىكى مۇستەبىت ھۆكۈمران سادام بىلەن ئۇنىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىدا «ئەگىشىش»كە مەجبۇر بولغان ئارمىيە ۋە خەلق ئەمەلىيەتتە ئىراقنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، بىراق بىر-بىرىنى ئالداش ئۈچۈن ئىشىنىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقان - سادام ئارمىيە ۋە خەلقنى ئالداش ئارقىلىق كۈن ئۆتكۈزگەن. بىر-بىرىنى ئالداش جەريانىدا سادام تىكىۋېتىشكە ئاللىبۇرۇنلا تەق بولۇپ بولغان، شۇڭلاشقا، ئامېرىكا-ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى باغدادقا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، ئۇ ئىراق خەلقىنىڭ نەچچە مىليارد دوللار پۇلىنى ئېلىپ تىكىۋەتكەن؛ پەقەت سادامنىڭ نادانلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر ئۇچۇم مۇرىتلىرى ۋە چاپارمەنلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. جۈملىدىن ئالدىنقى كۈنى ئېچىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي، ئىراق ئارمىيىسى ئامېرىكا-ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنى باغدادتا قورشاپ «ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ»دەپ جار سالغان ئىراقنىڭ ئاخبارات مىنىستىرى ساخاف قاتارلىق ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتتىكى مۇھىم ئەمەلدارلار، شۇنداقلا «ئۇلۇغ رەئىس جۇمھۇر سادام»نى جان تىكىپ قوغداشقا تالاي قېتىم قەسەم ئىچكەن ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسىنى - قارشىلىشىشنى توختىتىپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈچۈن جان سېلىپ بېرىۋەرمەسلىكنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئەھۋال بىزگىمۇ مەلۇم بولدى: سادام بىلەن ئۇنىڭ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى ئالداش ئويۇنى ئاخىرلىشاي دېگەندە، سادامنىڭ ھېچقانداق «جۇمھۇرىيەت قوغدىغۇچىلار ئەترىتى»نىڭ يوقلۇقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر مەيدان «خەلق ئۇرۇشى»قوزغاش ئىقتىدارىنىڭمۇ يوقلۇقى، سادامنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى خەلققە تېررورلۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، سادامنىڭ ئۆزىگە قارىغۇلارچە ئىشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولاي دەپقالغانلىقى ئاشكارىلاندى.

«ئەكسىيەتچى، قالاق، چىرىك سىنىپلار خەلق بىلەن بولغان ھايات-ماماتلىق كۈرەشتە... راست يولۋاستەك كۆرۈنۈپ ئادەم يەيدۇ، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەمنى يەيدۇ... قاراڭ، ئۇلار تىرىك يولۋاس، تۆمۈر يولۋاس، راست يولۋاس ئەمەسمۇ؟ بىراق ئۇلار ھامىنى قەغەز يولۋاس، ئۆلۈك يولۋاس، يالغان يولۋاس. بۇ، تارىخىي پاكىت» (ماۋزېدۇڭنىڭ 1958-يىلى 1-دېكابىردا سۆزلىگەن «جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس»دېگەن سۆزىگە قارالسۇن). توغرا، بارلىق ئەكسىيەتچىلەر-نىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس. بارلىق مۇستەبىتلەرمۇ قەغەز يولۋاس. سادام مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئىراقتا ئادەم ئۆلتۈرگەن بولۇپ تىرىك يولۋاسقا، تۆمۈر يولۋاسقا، راست يولۋاسقا ئوخشايدۇ. بىراق يەرشارىلىشىش مەزگىلىدە، بىر دۆلەتنىڭ ئىشى بىلەن خەلقئارا ئىشلارنى، بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي مەسىلىسى بىلەن خەلقئارا سىياسىي مەسىلىلەرنى ئايرىپ قارىسا بولمايدىغان، دۇنيا يەرشارىلىشىش نۇقتىسىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتقان شارائىتتا، خەلقئارا جەمئىيەت بىر راست يولۋاسنىڭ مەلۇم بىر دۆلەتتە ئۇزاقىچە ئادەم ئۆلتۈرۈشىگە، ئادەم يېيىشىگە قانداقمۇ قاراپ تۇرالىسۇن؟ مەلۇم بىر دۆلەتتىكى بىر قانخور يولۋاسنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز دۆلىتىگە كىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشى، ئادەم يېيىشىدىن قانداقمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالىسۇن؟ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىراقنى جازالىمىغاندا، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئىراق بىلەن ئۇرۇشقاندا بەزىلەر بىئارام بولغاندۇ، بىراق شۇ ئىشلار ئارقىلىق سادام ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بۇ راست يولۋاسنىڭ ياۋۇزلۇقى توسۇپ قېلىنىپ، كۆپچىلىككە ئىبرەت بولدى. ھازىر ئىراق ئۇرۇشى ئاساسەن ئاخىرلاشتى، ئىراقنى قايتا قۇرۇش باشلاندى، راست يولۋاس قەغەز يولۋاسقا ئايلىنىپ ، «تارىخىي پاكىت»قا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

---

پەن دولا قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «شەنبە»《周末》گېزىتىنىڭ 2003-يىل 15-ماي سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» 《杂文选刊》 ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 7-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

**ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى (M1)

www.uyghurkitap.com



# مۇقام مائارىپىنىڭ مەدەنىيەتتىكى جۇلاسى

ئاينۇر قاسىم

ئۇيغۇر 12مۇقامى تىلغا ئېلىنسا ،كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئېغىر سۈكۈتىگە ئوخشايدىغان ،سىرنى مۇڭغا ، روھىمىزنىڭ خىلۋەتگاھلىرىغا باشلاپ كېتىدىغان چەكسىز سېھىرلىك مۇقام.نەغمىلەر ،تارىم شاۋقۇنىغا ئوخشاش ئۆركەشلىك تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان جەزبىدار شوخ مەرغۇللۇق كۈي.ناۋالار ،جاھان ئەھلىنىڭ ، سەنئەت مۇخلىسلىرىنىڭ شەيدائىي يۈرىكىگە پەۋەس يالقۇن تاراتقان لاتاپەتلىك ئۇسسۇللار ،خەلقىمىزنى غۇرۇر ،ئادىمىيلىك پەزىلەت ، بارچە ئىزگۈ ئىنسانىي گۈزەل تۇيغۇلار بىلەن تاۋلاپ يېتىشتۈرۈدىغان ، ھاياتنىڭ تەمىنى ئۆزگىچە يوسۇندا تېتىتىدىغان قايناق خەلق مەشرەپلىرى بىر.بىرلەپ كېچىشكە باشلايدۇ .

ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مۇجەسسەم گۈلتاجىسى بولغان 12مۇقام جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئىلمى ، پسىخولوگىيە ئىلمى ، جەمئىيەتشۇناسلىق ،ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ئىلمىي سەنئەت بولۇپ ، سەنئەت كۈچلىرى جەمئىيەتكە ئەدەب.ئەخلاق ئۆگىتىدىغان ،خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ،ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان ھەم خەلقنى ھەقىقىي بەخت.سائادەتكە ئۈندەيدىغان ،سەنئەت ھوزۇرىنى ئاشۇرۇدىغان مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە .

## خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى

ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئەخلاقسىز ،قائىدە.يوسۇندىن چەتنىگەن سوغ نەپەس ،قىلىقى سەت باللارنى كۆرسە ھازىرمۇ چوڭلار «مەشرەپ كۆرمىگەن»دەپ ئەيىبلەيدۇ . چۈنكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئەڭ ئاممىۋى ، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق ،يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەر.ئايال ،ئەل.ئاۋام تەڭ ئىشتىراك قىلىدىغان ،مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ ئەلنەغمە ،غەزەل.قوشاق ،بېيىت ،قىزىقچىلىق ، ھەزىل.چاقچاق ۋە ھەرخىل كومېدىك ئويۇنلار بىلەن تەركىبلەنگەن ئىسمى جىسمىغا لايىق «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى» بولۇپ ، مەشرەپلەرنىڭ ئويۇشتۇرۇلىشى ،مەشرەپ باشقۇرۇش قائىدىلىرىنىڭ قاتتىق ۋە ئىنچىكىلىقى ، ناخشا.ئۇسسۇللاردىكى ھۆرمەت ۋە ئىپپەت پەزىلەتلىرى ،پىشقەدەملەر بىلەن ئاياللارغا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە ھۆرمەت ،شېئىر ،قوشاق مەزمۇنلىرىدىكى پاكلىق ۋە سەممىيەتلەر بىلەن ئۇيغۇر مۇقام.مەشرەپلىرى فولكلور شەكلىدىكى ئىجتىمائىي جامائەتچىلىك بويىچە جانلىق ئەخلاق مەكتىپى ،ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەدەب.ئەخلاق ئۆگىنىدىغان سورۇنىدۇر .

بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ، ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ ئالتۇن دەۋرى يارىتىلغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن بىزگىچە خەلق يادنامىلىرى سۈپىتىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ،ئەسلىنىپ كېلىنىۋاتقان تۆۋەندىكى دىئالوگنى ئەسلەپ ئۆتۈش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر :

- مۇسۇلمانچىلىقنى كىمدىن ئۆگەندىڭ ؟
- موللا - خەلپەت.ئۆلىمالاردىن .
- ئادەم بولۇشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ ؟

- ئاتا-ئانامدىن، ئۇستازىمدىن، ئىشقىي ناۋا ئەھلىنىڭ غەزەل، ناۋا بېشارەتلىرى، مىجەز-خىسلەتلىرىدىن.

- كىملەرنى كۆرۈپ، ئەگىشىپ شادىمان، شاد-خۇرام بولدۇڭ؟

- ئەلنەغمە-غەزەل، ساز ئەھلىگە، ئىشقىۋاز كويۇنچىلارغا.

- ئىنسان ئۆمرىنىڭ لوززىتى نېمە؟

- قۇۋۋەت، توقلۇق، ئاب-ھاۋا، ساغلاملىق، قولاق ھوزۇرى، كۆز (كۆلكە) ھوزۇرى، كۆڭۈل ئىشقىي ھوزۇرى. «ئادەم قولاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن» ھوزۇرلىنار، سەمىرىپ تۇرار.

- ئەدەب-ئەخلاقنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟

- نەغمە-ناۋا سورۇنلىرىدىن.

- نومۇسنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟

- پېشقەدەم نەغمىچىدىن، رەققاس (ئۇسسۇلچى) دىن.

شۇنداق! خەلقىمىز ئەزەلدىن مۇقام - ئەلنەغمىلەر سورۇنى بولغان مەشرەپلەرنى خاس كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى دەپلا قارىمىغان، بەلكى ئۇنى كىشلەرنى بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى ئەدەب-ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن تەربىيلەيدىغان، مىللىي ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىر جەمئىيەت مەكتىپى، بۇمەكتەپ ئارقىلىق ياش ئەۋلادلار قائىدە-يوسۇن ئۆگىنىدۇ، ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن چەتنىمەيدىغان ۋاپالىق، تەندۇرۇس، ئەدەبلىك، ھالالچى ئادەم بولۇپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىگە سادىق بولىدۇ، دەپ بىلگەن ۋە ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەركىسىز جامائەت ئادىتى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن؛ قايەردە ئەدەب-ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس بولمىسا ياكى بۇزۇلغان بولسا، يەنى ئادەملەرنىڭ ئەپئال، كەيپىيات، مىجەز-قىياپەتلىرىدە غەيرىيلىك، بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا ئۆرلەپ تۇرسا، ئۇھالدا شۇيەرنىڭ، شۇئەلنىڭ بەختى-ئىقبالى، رىزقى-ھالاۋىتى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا يۈز تۇتىدۇ؛ شۇئەل-شۇقەۋمنىڭ قىيامىتى-نەسلىكى باشلىنىدۇ، دەپ قارىغان.

يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە ئۇچراۋاتقان، مىللىي مەدەنىيەت ئېغىر كىرىزىسقا دۇچ كېلىپ، بۇرۇنقى ئېسىل ئادەتلەر، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئىلمىي، ئەقلىگە مۇۋاپىق يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى تىكلەنمىگەن شارائىتتا ئادەملىرىمىز تېڭىرقىغان، گاڭگىرىغان ھالدا ئېلېكترون دەۋرىگە كىرىپ كەلگەن، ماددىي تەرەققىياتقا مەستخۇش بولۇش، مىللىي ئىنكارچىلىق كۈچەيگەن، چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىك توسالغۇسىز يامرىغان، تەبىئەت، ئادەم، ھەقىقەت، ئەقىدە، سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ئىجتىمائىيەتتىكى بۇزۇلۇش ئاپەت تۈسىنى ئالغان ۋەزىيەتتە مۇقام-مەشرەپلەرنىڭ خەلقىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىدا تۇتقان ئورنىنى شەرھلەش، شۇئارقىلىق مەدەنىيەت كۈنسېرى خەلقئارالىشىۋاتقان، بىردەكلىككە يۈزلىنىۋاتقان، يەرشارلىشىشنىڭ رەھىمسىز خىرىسلىرى نەق يۈرىكىمىزگە قادىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتلەردە مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە بىباھا ئىلمىي ئەمگەكتۇر.

خوش، مۇقام-مەشرەپلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇد رېئاللىقتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرى قايسى؟

بۈگۈنكى كۈندە «يەرشارلىشىش» دولقۇنى غەربنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، قىممەت قاراشلىرىنى كەڭ غەيرىي غەرب ئەللىرىگە شىددەت بىلەن ئومۇملاشتۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار يازغان كىتاب، ئىشلىگەن كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، ئېيتقان ناخشا، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىغا قەدەر ھەممىسى دۇنياغا ئورتاق بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى، مەشھۇر سىياسىيئون برژىنسكىي خانىم ئېيتقاندەك: ئامموۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى تارقىتىۋاتقان قىممەت قارىشى پۈتۈنلەي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، مەدەنىيەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە سەۋەب بولماقتا. ھولليۋود فىلىملىرى ۋە باشقا تېلېفىلىم شىركەتلىرى مەدەنىيەت ئاغدۇرمىچىلىرىغا ئايلاندى.

ھازىر تېلېۋىزىيىنىڭ مەدەنىيەت تارقىتىش رولىدىن كۆرە مەدەنىيەتنى ئاغدۇرۇش رولى بەكرەك كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ساھە پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق-قىممەت سىستېمىسى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئاتا-ئانىلار بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ خاتىرجەم بىرەر فىلىم كۆرەلمەيدۇ. ھازىر قويۇلىۋاتقان كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، بولمىدى دېگەندە بىر-ئىككى يەردە شەھۋانىي كۆرۈنۈش بار. ئىلگىرى ئاممىۋى سورۇنلاردا دېگىلى بولمايدىغان ئۇياتلىق گەپلەر ھازىر تېلېۋىزوردا بىمالال دېيىلىۋېرىدىغان بولدى. بولۇپمۇ بالىلىرىمىز تېلېۋىزورنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر بالىلارنىڭ كەچتە ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغاندىن كېيىنكى ۋاقتى پۈتۈنلەي تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەنلا ئۆتىدۇ. ئۇلار تېلېۋىزىيىدىكى ئۇياتسىز-شەھۋانىي كۆرۈنۈش، گەپ-سۆزلەر بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىتىلىپلا قالماستىن، ئىلگىرىكى ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك بالىلار ئويۇنلىرى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى؛ سوتەك ئايدىڭدا ئۆگزىلەردە، خامانلاردا، تونۇر باشلىرىدا خىزىر سۈپەت بوۋايلارنىڭ ساتارىغا قولاق يېقىپ ئاڭلايدىغان ساماۋى چۆچەكلەر، مۇقام-ئەلنەغمىلەر، دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ قىقاس-چۇقان بىلەن كۆرۈدىغان مەشرەپلەر ھازىر ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ھازىر تولا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر مۇقام ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىمىزغا ئانچە قىزىقمايدۇ. بۇنى ئۇلاردىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۆزىمىزدىن، ئىجتىمائىي تەرەققىيات رېئاللىقىدىن، ئاتالمىش «زامانىۋى مەدەنىيەت» ھۇجۇملىرىدىن كۆرۈشكە مەجبۇرمىز. چۈنكى قىزىقىش - تۇغۇلۇش ۋە تەربىيىلىنىش مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. كۆپىنچە ياشلىرىمىز ۋە ئۆسمۈرلىرىمىز يېقىندا دەپ ئۆتكەن ئاتالمىش «زامانىۋى مەدەنىيەت» بۆشۈكىگە بۆلىنىپ ئۆسكەن؛ غەربنىڭ قىقاس-چۇقانلىق ئەسەبىي جاز مۇزىكىلىرى، ئۇيغۇر مىللىي روھىيىتىگە يات چۈشكۈن، ئازغۇن ناخشا-مۇزىكىلار ئۇلارنى ئۆز ئەنئەنىسى، مەدەنىيىتى، سەنئىتىدىن چەتنىتىپ - ياتلاشتۇرۇپ ئىجتىمائىي گاسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېمەك خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ سۇر-ھەيۋە بىلەن رايونىمىزغا بېسىپ كىرىشى ئىختىيارسىزلا ئادەمدە «مۇقام-مەشرەپلىرىمىز خەلقئارا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدا ئىستېلا قىلىنىپ كېتەرمۇ؟» دېگەن شۈبھىنى پەيدا قىلىدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق شۈبھىلىنىش ئارتۇقچىمۇ ئەمەس. مانا بۈگۈن قارايدىغان بولساق، ئادەمگە ھاياتنىڭ تەپتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان قايناق مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئاز-ئازدىن يوقاپ، ئورنىنى غەربنىڭ ئەبجەش ئۇسسۇللىرى ئىگىلەشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋىمىز. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە 120تۈرگە يەتكەن مەشرەپنىڭ ھازىر قانچىسى قالدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىگىتلەر ئوينايدىغان ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازنىڭ، جەڭگاھتىكى باتۇرنىڭ، كۆك قەرىدىكى بۈركۈتنىڭ ئوبرازىنى بېرىدىغان مەردانە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنىڭ ئورنىنى غىلجىڭ، ياسىما، ناپاك ھەرىكەتلەرنىڭ ئېلىنىشى، قىز-ئاياللارنىڭ نەپىس، سىپايە، لاتاپەت يېغىپ تۇرۇدىغان ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ بارغانسېرى قوپال ۋە ئۇياتسىزلىشىپ بېرىشى يۇقىرىقى سۆزىمىزگە بىر دەلىل، ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا، مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىشىش دولقۇنلىرىدا مۇقام مەدەنىيىتىمىز غەرق بوپكەتسە، بۇنىڭغا ئىلاجسىز قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ بىز ھېچقانداق ئىلاج قىلالمامدۇق؟ ناتايىن. دۇنيادىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىغا نەقىاسلىنىپ «12ئاي»غا، «12ۋاق - 24سائەت» كە، «365كۈن»گە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئەڭ مۇكەممەل ھەم ئەڭ

www.uyghurkitap.com

ئىلمىي مۇزىكا سىستېمىسى بولغان 12مۇقامنى بىز ئەمدى زامانىۋى مېتود بىلەن تەتقىق قىلىشىمىز ،ئۇنىڭ تېخى پارلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن يارقىن جايلىرىنى ئۆزىمىزگە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈشىمىز كېرەك . يوقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ،ياش ئەۋلادلارنىڭ بولۇپمۇ شەھەردىكى ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتى سۇس .مۇھەببەت چۈشىنىشتىن كېلىدۇ .ھالبۇكى ، تەتقىقاتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەلنى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشتۇر . شۇئارقىلىق ئۆز-ئۆزىمىزگە قارىتا يۈكسەك مۇھەببەت ئويغىتىشتىن ئىبارەت .ماھىيەتتە سەنئەتنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمۇ دەل شۇنىڭدا . مۇقاملىرىمىزدا بەزى قۇلايسىز تەرەپلەرمۇ بار .مەسىلەن ، بەزى ھاللاردا بىر توپ ئادەم تەڭلا توۋلىغاندا زادى نېمىلەرنى دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى تازا دىققەت قىلمىسا بىلگىلى بولمايدۇ (بۇ ئەلۋەتتە ناخشىنىڭ تېكىستىگە قارىتىلغان ) .تالانتلىق ياش ناخشىچىمىز ئابدۇللا ئابدۇرېھىم مۇشۇ نۇقتىدا خېلى ئىزدىنىپ ،بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى .ئۇ ، ئاۋام توۋلىغاندا تازا ئوچۇق-ئېنىق ئۇقۇپ كەتكىلى بولمايدىغان «راك باياۋان»نى ئوچۇقلاشتۇرۇپ ، يەرلىك سازلارغا زامانىۋى سازلارنى تەڭكەش قىلىپ ئورۇندىۋىدى ، ياشلارمۇ ، ياشانغانلارمۇ شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندى . بۇ نۇقتىدا ئەلۋەتتە ئابدۇللا ئابدۇرېھىمغا ئوخشاش پىداكار سەنئەتكارلارغا رەھمەت ئېيتىمىز . بۇ بىزگە تولىمۇ مۇھىم بىر ئۇچۇرنى بېرىدۇ :زامانىۋى چالغۇ بىلەن مىللىي چالغۇلار مۇۋاپىق توردە بىرلەشسە ،ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇنۇم ئاتقىلى بولىدۇ . مانا بۇنى بىز كونكرېت تەتقىقات دەيمىز .

زارتىنىڭ ،بېتخوۋېننىڭ كۈيلىرىنى ئاڭلىدۇق . غەربنىڭ ئەسەبىي بازكۈيلىرىنى ھېلىھەم ياشلىرىمىز ئاڭلايدۇ . ئەمما ئاستا-ئاستا شۇنى ھېس قىلىۋاتىمىزكى ، ئۇلارنىڭ روھىي ھۇزۇرى نېمىشقىدۇر ئۆزىمىزنىڭ ساتارىدىن ،تەمبۇرىدىن چىققان ناۋالاردەك ئىسسىق ، يېقىشلىق ،تېتىملىق ئەمەس . بىز يەنىلا ئۆزىمىزگە ئېشىپ قالىدىكەنمىز .ئاخىر شۇنۇقتىنى تونۇپ يەتتۇق :مۇقاملىرىمىز چەت ئەللەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئورۇندالغاندا چەت ئەللىك دوستلارنىڭ يۈرىكىدىن ئوخچۇپ چىققان ھاياجان ،كۆزلىرىدىن چاچرىغان ھەيرەت ئۇچقۇنلىرى نېمە ۋەجىدىن ؟ ئۇ دەل بىزنىڭ سەنئىتىمىزدىكى ئۇيغۇر پۇرىقى . بۇ پۇراق بەتبۇي ھاۋادا يوقىلىپ كەتمىسۇن دېسەك ، پۇراق ئۆچۈن كېرەك بولىدىغان ساپ ھاۋا ۋە مۇنبەت تۇپراق يارىتىشىمىز كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمدى «مۇقام مائارىپى»نى باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىن باشلاپ ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆگىتىشىمىز كېرەك . «مۇقام مائارىپى»دېگەن بۇ ئۇقۇم يېڭى ئۇقۇم ئەمەس . تارىخنى ۋاراقلىساق ،تارىخىمىزنىڭ پەخىرلىك دەۋرى بولغان سەئىدىيە دەۋرىدە خەلق سەنئىتى تۆرىنىڭ ئەڭ ئاممىۋى شەكىللىرى بولغان نەغمە ، غەزەل-قوشاق ،بېيىت ،مۇتەيۋىلەر ،ھەزىل-زىغىرلار ،تېپىشماقچىلىق ، قىزىقچىلىق ،گەپدانلىق ،لاپچورلۇق . . . كەبىي مەشرەپبازلىقلار ، چالغۇلار بىلەن بىرىككەن داستانچىلىق ۋە نەسىرۋازلىقلار ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ،ئېنىق ھەركەتلىرىگە ،بارلىق تىرىكچىلىكلىرىگە ھاۋاغا ئوخشاش سىڭىپ كەتكەن .مانا بۇ دەۋردىكى مۇقام -مەشرەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى مائارىپتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ . بۇيەردە مائارىپ دېگىنىمىز يالغۇز مەكتەپ مائارىپىلا ئەمەس . بىز باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش ،خەلق مۇقام-مەشرەپلىرى ئاجايىپ كاتتا مەكتەپ .تارىختا خاتىرىلىنىشىچە ، سەئىدىيە دەۋرىدە مەخسۇس مۇزىكا ، مۇقام مەكتەپلىرى (بۈگۈنكى ئىنستىتۇت )ۋە تەتقىقات ئاكادېمىيىلىرى بولغان .مۇنداق نەتىجىلىك ئەمگەكلەر ئەلنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغان . تەتقىقاتچىلار ئەل ئارىسىدىكى نادىر سەنئەت ئۆرنەكلىرىنى مەخسۇس توپلاپ ، تونۇشتۇرغان ؛ مەرىپەتپەرۋەر ،مەدەنىيەت-سەنئەت ھامىيسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن تولۇپ-تاشقان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى ،شائىرە ئامانىساخاننىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكى ،قەدىرخان قاتارلىق شەرقىنىڭ مەشھۇر مۇقام-مۇزىكشۇناسلىرىنىڭ غوللۇق خىزمەت كۆرسىتىشى ، ھەرتەرەپتىن ئوردىغا جەلپ قىلىنغان سازەندىلەر ،شائىرلار، ئۇسسۇلچىلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ تارىخىي خىزمەت ئىشلەنگەن . ئامانىساخان بىلەن قەدىرخان نەچچە ئون يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئەقىدە قىلىپ ، ئادەتلەنگەن ۋاقىت بىرلىكلىرى ۋە ئاسترونومىيىلىك ئۆلچەم-قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ ، ئەسلىدە خەلق ئارىسىدا تارقاق ، ئۆلچەمسىز ھالدا مەۋجۇد بوپكەلگەن 17كۈي-مۇقام ئاساسىدا «12ئاي»غا ، «12ۋاقىت - 24سائەت»كە ، «365كۈن»گە ئۆلچەملەشتۈرۈپ12مۇقامنى ئىلگىرىكى نەغمە ۋە مەشرەپ ھالىتىدىن «چوڭ نەغمە» ، «داستان» «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىدىن ، ھەربىر چوڭ قىسمىدىكى مۇزىكىلار مۇقىم ،قانۇنىيەتلىك بولغان نازۇك ئىچكى رىتىم ئۆزگىرىشلىرىدىن تەركىبلەنگەن مۇكەممەل ،ئىلمىي ،چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن ،قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىغا ئايلاندۇرغان ؛غەربتە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكا ژانىرى بولغان سىمپونىيىلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا ،شەرقتە - سەئىدىيە تۇپرىقىدا مۇزىكا ، ئۇسسۇل ،شېئىرىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان ناخشا-ئۇسسۇل تىپىدىكى كلاسسىك سەنئەت مۇجەسسىمى مەيدانغا كەلگەن . نەتىجىدە ئاسىياغىلا ئەمەس ، پۈتكۈل دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە يەتكەن . بىر مىللەتتىكى سەنئەت ھاياتىنىڭ مۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىدە ئەلۋەتتە سەنئەت مائارىپى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . سەنئەت مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ باشقا ماددىي تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز «بالىنى يىلىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەش»كە بۇرۇندىنلا ئېتىبار بېرىپ كەلگەن . «بالىنىڭ يىلىكى»ماھىيەتتە بىر پۈتۈنسۈرۈك مىللەتنىڭ يىلىكى . باللىرىمىزنىڭ پېشانىسىدە پارلىغان ئۈمىد ۋە ئىزگۈلۈكنىڭ شولىسى ئەمەلىيەتتە مىللەتنىڭ يولىنى يورۇتىدىغان ئوتقاشتىن دېرەك بېرىدۇ . ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى بۈگۈنكى «شولا»لارغا ئاغدۇرۇپ باقايلى: شەھەرلەرنىڭ رەھمىسىز تەرەققىياتى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يادروسى بولغان مۇقام-مەشرەپلەرنىڭ شەھەرلەردىكى تەرەققىياتىنى بارغانسېرى بوغۇشى نەتىجىسىدە باللىرىمىز تەدرىجىي ئانا سەنئەتتىن ،مىللىي يىلتىزىدىن ياتلىشىپ ، داشقايناق مەدەنىيەتنىڭ دولقۇنلىرىدا قايمۇقۇپ يۈرۈۋاتىدۇ . بەزىلەر : «سەنئەت ئۆمەكلىرى بولغان يەردە نېمىدىن ئەندىشە قىلىمىز ؟» دېيىشىدۇ . بىزدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇشتىن يىراقتا . ئۇلارنى پەقەت مۇراسىم ئۆمەكلىرى دېيىش مۇمكىن . خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالمىغان سەنئەتنى ھەقىقىي يوسۇندىكى مىللىي سەنئەت دېيىش قىيىن . بۇيەردىكى «مىللىي»دېگەن ئۇقۇم دەل شۇنىڭغا قارىتىلغان . بىز يەنە بۇنى ئوبدانراق تەھلىل قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك . بىز يەنە باللىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قايتىپ كېلەيلى . باللاردىكى بىسەرەمجانلىق مەلۇم مەنىدە شۇمىللەتنىڭ ناخۇش كەيپىياتىدىن ئۇچۇر بېرەلەيدۇ . «باللارغا يىلىك تولۇقلاش» ئۇدۇمى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ يارقىن ۋە جانلىق ئىدى ، ئەمدى بۇ ئەنئەنىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى باسقۇچىدىن باشلاپلا سىستېمىلىق مۇقام-مەشرەپ مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى بىلەن يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك . بۇنىڭ مەدەنىيەتلەر بىر-بىرسى بىلەن شىددەت بىلەن توقۇنۇشۇۋاتقان ،خەلقئارالىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەم ئىمكانىيىتى ، ھەم زۆرۈرىيىتى بار بولدى . ئىمكانىيەت دېگەندە

زامانىۋى ئېلېكترون ۋاستىلىرى مۇقام-مەشرەپ ماتارىپىنى ماددىي شارائىت ـ مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنى يىراق سەلتەنىيە دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا خىيلىلا ئىلغار دېيەلەيمىز. ئاشۇ دەۋرلەردە دانىشمەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەۋلادلىرىنى يىلىكىدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋە پەزىلەتكە تويۇندۇرۇپ، مۇقام-مەشرەپ مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنىڭ ھېچبولمىغاندا بۈگۈنگىچە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان يەردە، ئەمدى بىزمۇ بۇ ئەنئەنىنىڭ ۋارىسلىرى بولالمىساق بولمايدۇ. سەنئەت ماتارىپى ئەگەر باشلانغۇچتىن تارتىپلا سىستېمىلىق ئوقۇلۇپ، كېڭەيتىلىدىغان بولسا، بارغانسېرى رەڭسىزلىشىپ كېتىۋاتقان ماتارىپىمىزنىڭ چىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، ئۇيغۇر بىلەن ماتارىپ ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭلار تارىيىپ، بالىلارنى دىيانەت كوچىسىغا باشلاپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق بىناسىنىڭ ئۇلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تاشنى قويغان بولىمىز. بۇنى ئۆزىمىز قىلمىساق، ھېچكىم بىز ئۈچۈن قىلىپ بەرمەيدۇ. مەكىت، ئاۋات ناھىيىلىرىدە دولان ئۇسسۇلى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك پروگراممىلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى. دولان ۋادىسىغا ماسلاشتۇرۇپ لايىھىلەنگەن دولان ئۇسسۇلى گىمناستىكىسى بىر تەرەپتىن ئادەمگە سەنئەت تۇيغۇسى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ساغلاملىق گىمناستىكىسى ئورنىدا بالىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىنلا تەن بىلەن روھنىڭ گارمونىك تەرەققىياتىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. ياپونىيىلىك ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر مۇقام-مەشرەپلىرى ۋە شۇ ئاساستا ئورۇندالغان نەپىس ئۇسسۇللار ئادەم بەدىنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن گارمونىك ھالەتتە تەرتىپكە سېلىپ، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدىكەن. بۇ ئەلۋەتتە دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسى، خالاس. شەك-شۈبھىسىزكى، مۇقام-مەشرەپلىرىمىزنىڭ زامانىۋى تېخنىكا مۇھىتىدا يەنىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەزى مۆجىزىۋى بايقاشلار جەزمەن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ شارائىتىدە ھازىر ياپونىيىدە ئۇيغۇر مۇقام-مەشرەپلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئېشىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ھېرىسمەن ياپونلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەكتەپ ماتارىپىغا مەخسۇس كىرگۈزۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى ماتېرىياللاردىن مەلۇم. ياپونىيىلىك بىر ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى: «ئاجايىپ سېھىرلىك مۇقام مۇزىكىسىغا ماسلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ نەپىسلىكىگە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. ئادەم بىر مەزگىل مۇشۇنداق ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەندە، ئۇ ئادەمنى ئېستېتىكىنىڭ پايانسىز بوشلۇقىدا سەيلى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئادەمنىڭ بەدەن مۇسكۇللىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، ئورۇقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىكەن» دەپ يازغان. بۇ، شەھەردە ياشايدىغان، ئورۇقلاش ( 健肥 )غېمىدە ئاۋارە بولۇۋاتقان خانىم-قىزلىرىمىز ئۈچۈن بىر يېڭى ئىلھام. ياپونلار تەرجىمە ئارقىلىق مۇقام-قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇقام تېكىستلىرىدىكى ئاجايىپ تىل پاساھىتىگە، شېئىرىي گۈزەللىككە قاراپ تاڭ قالغان. يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغانلار تېخى بىر تامچە.

مەكتەپلىرىمىزدە مۇقام-مەشرەپ دەرسلىكىنى تەسىس قىلىپ، بالىلارنى ئەخلاق-دىيانەت سۆيىدە سۇغۇرۇپ، ئۇلارنى قوش ئۆلچەم بويىچە تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتىش — بۇنىڭدىن كېيىنكى سەنئەت ماتارىپىنىڭ يادروسى بولۇشى كېرەك.

سەنئەت ماتارىپىنى بالىلاردىن باشلاشتا چوقۇم يېڭىچە ئىش تۇتۇش كېرەك. سەنئەت ماتارىپىنى مەكتەپ شەكلىدە راۋاجلاندۇرۇش — خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى تەسىرىي بالاغىتىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، خەلق مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ يېڭى ئەسىرگە خاس تاكامۇللۇقىنى يارىتىش ئۈچۈن بىھېساب ئەھمىيەتكە ئىگە.

سەنئەت ماتارىپىنىڭ مەكتەپلىشىشى — ھەممە ساھە تەڭ ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. ئەگەر بۇ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىدىغان بولسا، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تارام - ئېقىنلىرى ئەزىم دەرياغا ئوخشاش جاھان گۈلزارىغا گۈلدۈرلەپ ئاقىدۇ. پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز 500يىل ئىلگىرى دۇنيانى قانداق ھەيرەتتە قالدۇرغان بولسا، بىزمۇ ھەم شۇنداق قىلالايمىز.

جاھان بازىرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى ھەممە يەرگە تاراپ، ئاجىز مەدەنىيەتلەرگە خىرىس قىلىۋاتقاندا، بىزمۇ چوقۇم ھەرىكەتچان بولۇشىمىز كېرەك. ئەخلاق كرىزىسى ۋە مەدەنىيەت كرىزىسى ئېغىرلىشىۋاتقان بۇ دۇنيادا پەزىلەت ۋە ئىنسانىي گۈزەللىكنى ئەسلىدىنلا ئۆزىگە يار قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتى بالىلاردىن تارتىپلا تاكامۇللىشىپ، جاھان ئەھلىگە ئۆز رۇخسارىنى نامايان قىلىدىغان بولسا، بۇ شەك-شۈبھىسىزكى دانكونىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش تالاي سەنئەت مۇخلىسلىرىنىڭ كۆز ئالدىنى يورۇتىدۇ. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، فىزىئولوگىيىسى ھەم ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، سەنئەت ماتارىپىنىڭ بالىلاردىن باشلىنىشى ناھايىتى زور قولايلىقلارغا ئىگە. ئەگەر بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ماتارىپىمىزغا قارىتا زەنجىرسىمان تەسىر كۆرسىتىپ، باشقا پەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگىمۇ يول ئاچىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالىدىغان بولساق، ياۋروپا، ئامېرىكىلاردا ئاساسەن باشلانغۇچ مەكتەپلەردىلا ئىسكىرىپكا، رويال ياكى مۇزىكا دەرسلىرى تەسىس قىلىنغان. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى سەنئەت دەرسىنى زۆرۈر دەرسلىك قىلىپ بېكىتكەن، بىز ھازىر ئويلاۋاتقاننى ئۇلار ئاللىقاچان رېئاللىققا ئايلاندۇرغان. دۇنيادىكى نۇرغۇن تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە ماھىر سەنئەتكارلار ئىدى. سەنئەتنىڭ باشقىچە رولىنى ئۇلار بىزدىن بەكرەك بىلسە كېرەك.

دېمەك خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر مۇقام-مەشرەپىدىن ئىبارەت بۇ نۇرانە گۆھەرنى جۇلالىق پېتى ساقلاپ قالىمىز دېسەك، چوقۇم ياش بوغۇنلاردىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش، سىستېمىلىق ئىشلەش، قىلچىلىك كاۋاك قېلىشقا يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

ئەنە شۇ قاتارلىق ئەمگەكلەرنى گۈل-گۈلىگە كەلتۈرۈپ ئىشلىسەك، مۇقام يولىدا بىر ئۆمۈر تىرىشقان ئۇلۇغ مۇقام ئانىسى ئامانىساخاننىڭ، پەن بىلەن سەنئەتنى تەڭ ۋايىغا يەتكۈزگەن ئېنسىكلوپېدىست (ئۇنىۋېرسال) بوۋىمىز فارابىينىڭ، ئۇلۇغ سەنئەت ئۇستازى قەدىرخان يەركەندىنىڭ روھى تەبەسسۇم بىلەن بىزگە بېقىشى مۇمكىن.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. ئابدۇرېھىم دۆلەت: «تېلېۋىزورمۇ ياكى دىلبۇزۇرمۇ؟» «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 3-سان.
2. مۇھەممەت زۇنۇن: «ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 4-سان.

ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايىتى تىل-يېزىق، قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ خادىمى (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىسكىرىپكا تارىسىدىن يۈرەك تارىسىغىچە

قۇربان سەلەي



مىڭ يىل ئىبادەتتىن ئالالمىغان ھوزۇرنى قالۇنۇم سىملىرىدىن ئالغايمىز .
 ـ ئەبۇنەسىر مۇھەممەد فارابى

سەن كۆلگەندە كۈلەر گۈل-گىياھ ،
سايرىشىدۇ مىڭ بۇلبۇلگويا ،
ئۆلگىنىدۇ تېخىمۇ دەريا ،
ئەي نىگار ، كۈلكەڭنى ئۇنتۇيالمايمەن .
. . .

بىر-بىرىدىن تاتلىق ناخشىلىرى ۋە چوغدەك يېنىپ تۇرغان سەنئەتلىك يۈرىكى بىلەن ئەلنى سۆيگەن ، ئەلمۇ ئۇنى سۆيگەن سۆيۈملۈك ناخشىچىمىز ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ سېھىرلىك ئاۋازى ئارقىلىق يۈرەكلەرگە بۇلدۇقلاپ ئېقىپ كىرىۋاتقان ، ئاجايىپ يارقىن شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق تېخىمۇ ئېستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن بۇ پايانسىز سەنئەت دالاسىدا ناخشىنىڭ مۇڭىغا تېخىمۇ مۇڭ قوشۇپ ، ئۇنىڭدىكى چەكسىز سېھرىي كۈچنى قەلەم بىلەن ئەمەس يۈرەك بىلەنلا سەزگىلى بولىدىغان قەدىمكى ياۋروپا چالغۇسى ئۇيغۇر ئۈچۈن ، ئۇيغۇرنىڭ سەنئەتلىك باغرى ئۈچۈن ، ئۇيغۇرنىڭ زامانىۋى مېلودىيىسى ئۈچۈن پۈتكۈل ئىشقى بىلەن ئۆزگىچە ناۋا قىلىۋاتاتتى . نورۋېگىيىدە ياسىلىپ ، دۇنياغا ئاپىرىدە بولغىنىغا 400 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ ، شەرقتىكى بۇ سېھىرلىك تۇپراق بىلەن دىدارلاشقان ۋاقتى دەل ئۇيغۇرلار ئۆزىنى بايقاشقا ، ئۆزىنى تېپىۋېلىشقا تىرىشىۋاتقان ، مەدەنىيەت ئويغىنىشى يۈكسەك بىر پەللىگە چىققان قاينام-تاشقىنلىق 1930-يىللار ئىدى . تولىمۇ كېچىكىپ كۆرۈشكەن بولساقمۇ ، ئەمما بىزدە كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان ، سەيدۇللام توختى ، ئابلىكىم ئابدۇللادەك سەنئەت ئۇستازلىرىنىڭ قولىدا تېخىمۇ كامال تاپقان بۇ سازنىڭ ئىسمى بىزگە «ئىسكىرىپكا» بولۇپ ئۆزلەشتى .

نەۋباھاردىن كېلەر ھىدلىرىڭ ،
خىيالىمدا قىيا قاراشلىرىڭ .

خۇددى سۈپسۈزۈك روھىي ئېقىنىغىلا ئوخشايدىغان بۇ جەلپكار كۈيلەر ئىسكىرىپكىنىڭ پايانسىز دۇنياسىدىن مامۇق پەيدەك لەرزان ئۇچۇپ چىقىپ ، يۈرەك كۆلبىڭىزنىڭ كۆزنەكلىرىنى يەڭگىل چېكىدۇ . شېئىرىي مىسرالار بولمىغاندىمۇ ، ئاشۇ كۈينىڭ ئۆزىلا سىزگە ھەممىنى سۆزلەيدۇ . خۇددى شېرىن چۈشتەك سىزگە ئەبەدىي ئەستىلىك بولغان ئاشۇ رىۋايەتلىك كەچۈرمىشلەر ، سىزگە ، پەقەت سىزگىلا تونۇش ئاشۇ خۇش ھىد ، يۈرىكىڭىزدىلا ئورناپ قالغان مەڭگۈلۈك قىيا بېقىشلار . . . بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن ، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ

## چالغۇلار شەھىرى

تۇگەتكۈسىز تاتلىق كۆرۈنۈشلەر ئىسكىرىپكىنىڭ ئىنچىكە تارىسىدىن ئاستىلا چىقىپ كەلدى. بۇ ئازابلىق ئەمما شۇنچىلىك تاتلىق سېغىنىش سىزگە قاراپ لەيلەپ كەلدى. ئاشۇ كۆيلەر سىزنى ياشلىقنىڭ بەرنا چاغلىرىغا، ئاشۇ «نەۋ باھار»غا... باشلاپ كەتتى. ئاجايىپ ئىللىق بىر ئېقىم نەلەردىندۇر سىزگە قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. «ئۇھ!!!» دېگەن بىر ھەسرەتلىك سادا قەلبىڭىزنىڭ پىنھانلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. مانا بۇ ئىسكىرىپكىنىڭ ئېنىقلىمىسى! مانا بۇ ئىسكىرىپكىسىغا پۈتكۈل مۇھەببىتىنى بەرگەن يېتۈك تاجىك سەنئەتكار گۈلدۆلەت! گۈلدۆلەت بىزنى تارتۇقلىغان سەنئەتلىك دۇنيا...

ئىسكىرىپكا!

تېپىك ياۋروپاچە ئىشلەنگەن، ياۋروپا روھى بىلەن لايىھىلەنگەن، ياۋروپا تىنىقى بالقىپ تۇرۇدىغان بۇ سازمۇ ئۇيغۇر ئۇچۇن ناۋا قىلالايدىكەنغۇ!؟ بۇ سازنى ئۇيغۇرنىڭ سەنئەت گۈلزارى ئۇچۇن ياسىغانمۇ نېمە؟ ئىسكىرىپكا ئۈستىدە ئويلاۋېتىپ، بىردىنلا ئىسكىرىپكىنىڭ يۇرتىنى خىيال قىلىشقا باشلىدىم:

ئەنە! يەھۇدىيلارلا ئەمەس پۈتكۈل دۇنيا قالتىس ئۇلۇغلايدىغان ئېينىشتېين ھۇجرىسىدا پۈتكۈل ئىشقى بىلەن ئىسكىرىپكا چالماقتا، ئىسكىرىپكىنىڭ چەكسىز جۇلاسى پۈتكۈل كائىناتنىڭ گارمونىك ماسلىقىنى، ئاجايىپ گۈزەل قۇرۇلمىسىنى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئالىمىگە ئاستا-ئاستا باشلاپ كەلدى. كېيىنكى كۈنلەردە قورقۇنچلۇق ئاتوم بومبىسى ۋە ئالەم تېخنىكىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان، ئاجايىپ قۇدرەتلىك بىر بۈيۈك نەزەرىيە ئىسكىرىپكا تارىسىدىن ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى. بىردىنلا ئېينىشتېين سازنى قويدى-دە ئويقۇ-تاماقنىمۇ ئۇنۇتقىنىچە سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى...

ئەنە! توماس جېففېرسون - ئامېرىكىلىقلار ۋە تارىخ تولىمۇ ئۇلۇغلايدىغان بۇ گىگانت ئەرباب بېغىدىكى چىملىقتا يالغۇز ئولتۇرۇۋېلىپ ئىسكىرىپكىغا چۆكۈپلا كەتكەنىدى. دۇنيادا، قانۇن ۋە كىشىلىك ھوقۇق تارىخىدىكى مەڭگۈ ئۆلمەس ئىككى پارچە بۈيۈك ئەسەر «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ۋە «ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى»دىكى ئۆلمەس ئىدىيىلەر ئەنە شۇ ئىنچىكە تارلاردىن لەيلەپ كەلمەكتە. شۇتاپتا جېففېرسوننىڭ كاللىسىدا ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ جىلۋىدار نۇرىغا چۆمۈلگەن، مۇستەبىتلىك ۋە ئەركىسىزلىك ئەبەدىي يوقالغان ساماۋى بىر دۇنيا نامايان بولماقتا ئىدى...

ئېيتىلىشچە، قانخور ئىبلىس ھىتلېرمۇ ئىسكىرىپكىنى قالتىس چالاتتىكەن. بەلكىم بۇ يالماۋۇزمۇ ئىسكىرىپكا چېلىۋېتىپ كەلگۈسىدىكى قان دەرياسى، ئەسەبىي ئۇرۇش پىلانلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولسا كېرەك. ئەنە! سېھىرلىك رازۋېدكا پېشىۋاسى شېرلوك ھولمىس ئىسكىرىپكا چالغاچ بىر چېگىش دېلو ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىدۇ. ئۇ ھەردائىم قىيىن دېلوغا دۇچ كەلگەندە ئىسكىرىپكىسى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدۇ.

پۈتكۈل دۇنيادا «مۇزىكا شاھى» دەپ نام ئالغان يانىنىڭ مۇزىكا ئەترىتىدە بىر نېگىر ئايال ئىسكىرىپكىچى بار. سىز بەلكىم تىڭشاپ باققانسىز. ئېلېكترونلۇق ئىسكىرىپكا ئۇنىڭ چېۋەر قوللىرىدا گويا بۇلبۇلگويادەك ئۇنلەيدۇ، روھىڭىزنى دېڭىزدەك دولقۇنلىتىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئەرشتىكى ساماۋى ئالەمدە تۇرغاندەك سېزىسىز.

يەنە شۇ ئىسكىرىپكا!

مەئىشەتكە غەققىدە تويغان، شۇنىڭغا ماس ھالدا روھىي دۇنياسى كۈنسېرى قۇرغاقلىشىپ ئەسلىنى، يىلتىزىنى، مۇقەددەس روھىنى ئىزدەۋاتقان ياۋروپا-ئامېرىكىلىقلار توپا باسقان قەدىمكى چېركاۋلارنى سېغىندى. يېقىملىق ئىسكىرىپكا كۈيى ۋە مۇناجات ئاۋازىغا جۆر بولۇشۇپ، «ئىنجىل»دىكى مۇقەددەس ئايەتلەرگە كۆچتى. پوپنىڭ مۇقەددەس ۋەز-تەلىملىرى، چېركاۋلارنىڭ قەدىمكى قوڭغۇراقلىرى، ئىسكىرىپكىنىڭ غېرىبانە كۈيلىرى... مانا بۇلار غەربنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش سەپىرى.

ئەزەلدىن ئىسكىرىپكىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى «ساز شاھى» سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلگەن ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ سازغا ئىشتىياقى باشقىچە كۈچلۈك كېلىدىكەن. شۇڭا ئۇنى مېھمانخانىسىنىڭ تۆرىگە، ئەڭ مۇقەددەس بىلىدىغان ئىبادەت سورۇنلىرىغا قويۇپ قويسا كېرەك. بۇ بىزدىكى دۇتار، تەمبۇرنى مېھمانخانىغ[ا] ئېسىپ قويۇش ئەنئەنىمىزگە ئوخشاپ كەتسە كېرەك. ياۋروپا ئەللىرىنىڭ كۆپىدە ئىسكىرىپكا كېچىلىكلىر[ى] كۆپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەتتا جېنىنى ئاران بېقىپ كېتىۋاتقان بىر نامرات چېغىدا ئايدا بىرەر قېتىم مۇشۇنداق كېچىلىككە بارالمىسا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇ چوقۇم ئايلىق مائاشىنى ئالغاندا ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن بىر قىسمىنى ئاتاپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ تىياتىرخانىلىرى بىزدىكىدەك نەچچە مىڭ كىشىلىك بولماستىن، كىچىك، ھەشەمەتلىك ئەمما ئازادە بېزەلگەن، 400-500 ئادەم پاتىدىغان زال بولۇپ، نامراتلار بىلەن رەئىس جۇمھۇر ئاشۇ زالدا ئولتۇرۇپ، ئوخشاش مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

قارىغاندا ياۋروپانىڭ بۇ سازىغا ئۇلارنىڭ باراۋەرلىك تۇيغۇسى، ئۆزگىچە سەنئەت قارىشى، روھىي جۇلاسى، ئەقىدە-ئارمىنى سىڭگەن بولسا كېرەك. ئۇلار ئەنە شۇنداق ھۇزۇرنى مەدەنىيلىكنىڭ، سالاپەتنىڭ ۋە روھىي ھۇزۇرنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدىكەن. بۇخىل قائىدە-يوسۇنلار جۇڭگودىكى بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىمۇ خېلى ئومۇملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى، تىياتىرچىلىقى ۋە تۇرمۇش قارىشىغا تەسىر قىلماقتا.

ياۋروپالىقلار ئىسكىرىپكىدا دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ مۇزىكىسىنى چالغىلى بولىدۇ دەيدىكەن. ئۇلار ئۆز روھىيىتىگە ئارامچىلىق بېرىدىغان بۇ

سۆيۈملۈك سازى ۋە ئۇنى ياسىغان ھۈنەرۋەننى پېشۋالار ئورنىدا تەتقىق قىلىش، خاتىرىلەشنى بىر تۈرلۈك پەرز ھەم مۇھىم ئىلىم دەپ تونۇيدۇ. دۇنيا جامائىتى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىسكىرىپكا پېشۋاسى ستىنلا دىۋار (1644 ـ 1737) نىڭ ئىسكىرىپكا ياساش ئۇسلۇبى ۋە ھۈنىرى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسكىرىپكا ياساشتىكى نۇرغۇن ئۆزگىچە ماھارىتى كىشىلەر يېشەلمەيۋاتقان سىر بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە مىڭدىن كۆپرەك قىللىق چالغۇ ياسىغان بولۇپ، ئىسكىرىپكىلا 800دىن ئاشىدىكەن. ياۋروپالىقلارنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ياسىغان چالغۇلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتمەس-تۈگمەس ئىجادچانلىقىنى نامايان قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، سەنئەتلىك لايىھىلىنىشى، ئاۋازى، تارىسى... شۇنچىلىك يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە دەپ ھېسابلايدىكەن. ئۇنىڭ مۇشۇ ئەسىرگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەۋەررۇك ئىسكىرىپكىسىنى ياۋروپالىقلار تەقلىد قىلىپ ياساپ كەلمەكتە. ياۋروپالىقلار 200يىل مابەينىدە ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى توختىماي تەتقىق قىلىپ، ياغاچنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا قانداق سىر ئىشلەتكەنلىكى، تارىنى قانداق لايىھىلەپ چىققانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ نەقىشلىرىنى زېرىكمەي مۇھاكىمە قىلىۋاتىدۇ. بۇيەردە يەنە بىر قىزىق ئىش بار. «رويال شاھى» رىچارد كلايدېرماننىڭ ھەربىر بارمىقى 200مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە ئىستىراخۇۋانىيىگە قاتناشتۇرۇلغانىكەن. ئەگەر بۇلارنى ئۇيغۇر سازچىلىرى ۋە سازچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش بولىدۇ. تۇرۇپ ئويلىدىم: ياۋروپالىقلار دۆتمۇ-يە! ئۇلاردىكى ئەقىلنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىباتلار بۇنى رەت قىلالىتى. ئۇلار ئىسكىرىپكا ياسايدىغان ئاددىي بىر ھۈنەرۋەننى (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قانداقمۇ ئاددىي بولسۇن، بەلكى ئۇلار پېشۋا ئورنىدا كۆرىدۇ) ئاشۇنچىلىك قەدىرلەپ، قىلمىغانلىرى قالمايۋېتىپتۇ. بىز ئويلايمىز: ئۇ ناھايىتى كەلسە بىر ھۈنەرۋەنغۇ، ئەخمەقلەر! دېگىمىز كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ خاتىرىلەپ، تەتقىق قىلىۋاتقىنى گۈپپۈلدەپ تۇرغان بىر مۇقەددەس ئەجداد روھى، بىر يارقىن ئۇدۇم. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاددىيلا ھۈنەرۋەن ئەمەس. بىز تەتقىق قىلايلى دېسەك، يىللاپ-يىللاپ يۈرىكىنى ئەلنىڭ ئىشقىدا ئىگەكدەپ، ئەلنىڭ ئوتىدا ئۆرتەپ ياندىغان ئۇتلۇق يۈرەك ئىگىلىرى، كاتتا ئالىم-دانىشمەن-زەكىيلەر، ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەل-جامائەت بۇ ئاجايىباتلاردىن قىلچە خەۋەرسىز يۈرۈۋاتقان ئېسىل ئادەملىرىمىز بىزدە بار. ھېلىھەم ھۈنەرۋەنلەرگىغۇ ئەسلا چولىمىز تەگمىسە كېرەك. بىزدىكى «ئايغىر كىشنەپ تۇرسا، قوتۇر ئېشەككە نېمە كەپتۇ» دېگەن گەپ شۇ بولسا كېرەك. بىلىشىمىز كېرەككى، ئېشەكمۇ ئايغىرمۇ ئۆز لايىقىدا، ئۆز ئېتىۋارى بىلەن قەدىرلىك. بىز ئىسكىرىپكىدىن ئىبارەت بۇ غەرب چالغۇسىدىن كەلگۈچە ئۇيغۇرچە ئاھاڭدا ھۇزۇرلىنىشنى بىلسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا سىڭگەن، بىز تېخى بىلمەيۋاتقان نۇرغۇن ھېكمەتلەر باردەك قىلىدۇ. تەۋەررۇك 12مۇقامىمىز-نىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرىتىنىڭ بارلىقىغۇ راست! ئەمما بۇ جۇۋىدا تەرلىنىۋەرسەك بولمايدۇ-دە! بىزمۇ نەۋرىلەر تەرلەيدىغان يېڭى جۇۋا تىكمىسەك بولمايدۇ. بىز غەربتىن ئىسكىرىپكا، گىتار، ساكس، ئېلېكترونلۇق رويال دېگەنلەرنى ئەكىرىۋاپتۇق. لېكىن ئاشۇلار بىزدىن قانچىلىك قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ئۇ نائېنىق. ئەمما ئېنىق بولغان بىر نەرسە بار: بىز دۇتار، تەمبۇرىمىزنىڭ كۈيلىرى بىلەنلا بوپكېتىپ، غەرب كۈيلىرىنىڭ ئۇيغۇر روھىدىن كۆكلەپ چىققان ساپ مېلودىيىلەرنى ھېچنەرسىگە ئوخشىمايدىغان «داشقايناق»قا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. سەنئەتكارلىرىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ تەگسىز چوڭقۇرلۇقىدىكى مۇرەككەپ روھىي تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىپ، خەلقىمۇ ھېس قىلدۇرۇپ، زامانىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، زامانىۋى شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلىسە، سەنئەتتىن ئىبارەت روھىيەت دەرسلىكى ئارقىلىق مىللەتنى تېخىمۇ بۈيۈك بىر مەنزىلگە، تاكامۇللۇققا باشلىيالىسا، ئۆزىمىزنىڭ كۈيى ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ قەلب كۆزنەكلىرىنى يېقىملىق چېكەلىسەك، ئىسكىرىپكىغا ئوخشاش غەرب سازلىرىمۇ ئۇيغۇرغا ئۆزلىشىپ، ئۇيغۇر ئۈچۈن مۇڭ تۆكۈۋېرىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ۋە زامانىۋى مېلودىيىسى ئۈچۈن ئۇلارمۇ كېرەك

ساڭا ھېچبىر ئازار يەتمىسۇن،
چېھرىڭدىن شوخ كۈلكە كەتمىسۇن،
بۇ مۇھەببەت يانسۇن-ئۆچمىسۇن،
ئەي نىگار كۈلكەڭنى ئۇنتۇيالمايمەن.

ئېلېكترونلۇق رويال بىلەن ئىسكىرىپكا ئەپچىل ماسلاشقان شۇ سۆيۈملۈك كۈي! يەنە شۇ سېھىرلىك ئاۋاز!

ئەنە! «تەمبۇر شاھى» ھۆسەنجان جامىينىڭ قولىدا تەمبۇر، سەيدۇللامنىڭ ئىسكىرىپكىسى! ئۇدۇل روھقىلا قوشۇلۇپ كېتىدىغان مۇڭ!

خىياللىرىم ئۇزىراشقا باشلىدى. ئىسكىرىپكا قوزغاتقان خىياللار خۇددى ئىسكىرىپكا كۈيلىرىدەك، مۇشۇ كۈيلەردىكى ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس تىنىقلىرىدەك يەنە داۋام قىلىدۇ.

ئىسكىرىپكا! سىزنى روھىيىتىمىزنىڭ تەگسىز دېڭىزىغا چۆمدۈرىدىغان شۇ لەرزان كۈيلەر. بۇ كۈيلەر توختاپ قالمايدۇ.

ئاستا ئىسكىرىپكامنى قولۇمغا ئالدىم.

2003ـيىل 13ـئىيۇن، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى (M2)

# ئىگىسىز ئىنەك

(چاچما خاتىرە)



يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق

## 1

مەھەللىمىزدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، گەپدان، زاكونچى بىر دېھقان بار. كېيىنكى تېرىش ھەربىي بۇيرۇقتەك تازا مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇلىۋاتقان يىللارنىڭ بىر ئەتىيىزى، ئۇ ھوۋددە يېرىنىڭ بەش موسىغا يازغى بۇغداي تېرىغانىدى. بىرا، كەنت كادىرلىرىمىز بۇنى ئۇقۇپ قاپتۇدە، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان ژاندارمىلاردەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى ئەتكەسچىنى سوتلىغاندەك سوئال-سوراقىا تارتتى ۋە يازغى بۇغدىينى دەرھال بۇزۇپ ئوسا قىلىپ، ئورنىغا كېيىنكى تېرىشقا مەجبۇرلىدى. بولمىسا، قاتتىق چارە قوللىنىدىغانلىقىنى سۆرلۈك ئەلپازدا سەمىگە سالدى. دېھقان قوشنىمىز ئۆزىگە لايىق زىيالىي،

### دېھقان نېمە دەيدۇ؟

گەپدان، مۇنازىرىچى ئادەم بولغاچقا كادىرلار ھەرقانچە سۈزلەپمۇ، ھەيۋە قىلىپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدى، ماقۇل كەلتۈرەلمىدى. كادىرلارنىڭ جەھلى قاتتى بولغاي، ئارىدىن مەنسەپى چوڭراق، ئۇسۇل-چارىگە بايىراق بىرى قوپۇپ، دېھقان قوشنىمىزنىڭ كۆزىگە كىرىپ ۋە ئۇنى مەنسىتمەسلىك بىلەن تەرىنى بىرقىسما تۇرۇپ:

- ھەي، سەن ئۇنى دېسەك بۇنى دەپ، بۇنى دېسەك ئۇنى دەپ ھەدەپ ئېغىز غېرىچلايسىنا! سەن زادى نېمە دېمەكچى، قانداق قىلماقچى؟ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت-بەلگىلىمىلىرىگە بويسۇنمايمەن دېمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشماقچىمۇ؟ بىلىپ قوي: سېنى مۇشۇنداق گەپدان، زاكونچى قىلىۋېتىپبارغان يەر بىلەن سۇ بارغۇ، ھە، ھۆكۈمەتنىڭ جۇما، ھۆكۈمەتنىڭ. خالىغىنىڭچە ئىشلىتىدىغان ئۆيەڭدىكى ئەسكى پالاس، پۇچۇق كوزىلىرىڭدەك شەخسىي مۈلكىڭ ئەمەس، - دەپ تېخىمۇ قاتتىقراق تېرە تاراقشىتتى.

- بۇنى بىلمەن. داۋاملىق شۇنداق دېيىلىپ كېلىۋاتىدۇ، - دېدى دېھقان قوشنىمىزمۇ بوش كەلمەي تەمكىنلىك بىلەن، - بىز ئەزەلدىن تېرىپ يەپ، ئىچىپ كېلىۋاتقان يەر بىلەن سۇغۇ ھۆكۈمەتنىڭكەن. ئۇنداقتا بىز كىمنىڭ، بىز نەنىڭ؟ ياكى بىز لەتەككە ئوخشاش ئىگىسىز ئىنەك بوپقالدۇقمۇ؟ قېنى، دەپ

www.uyghurkitap.com

بېقشىلا !

كادىرلار ئەزەلدىن ئۇر دەپ ئۇرغۇزۇپ، تۇر دەپ تۇرغۇزۇپ كېلىۋاتقانىيتىما - چورۇق، بەترەڭ - ئۇرۇق دېھقانىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سوئالنىڭ چىقىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولسا كېرەك. ھېلىقى تېرە تاراقشىتقان مەنسىپى چوڭ كادىرمۇ، باشقىلىرىمۇ: «سەن . . . سەن . . . سېنىڭ» دېيىشكىنىچە كېكەچلىنىپ، دۇدۇقلىنىپ قېلىشتى. دېھقان قوشنىمىزغا جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇلار دېھقانغا جاۋاب بېرەلمىگەن بىلەن ئۇزلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلالىدى. مەنسىپى چوڭ كادىر چاۋۇشتەك① بىرلا بۇيرۇق قىلىۋىدى، باشقىلىرى بوزغۇنچىلىق بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا چۈشكەن ژاندارمىلاردەك چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەتكە كىرىشىپ كەتتى: بىر نەچچىسى مۇ باشلاپ كەلدى، بىرنەچچىسى توغان توسىدى، ئېچىق ئاچتى، بىرنەچچىسى قىرلارنىڭ پەس-پەلەك يەرلىرىنى ئوڭلىدى. ئۆز يۇرتىدا ئۆز يېرىگە - ئۆز مۈلكىگە، ئۆز ئەركىگە ئىگە بولالمىغان بىچارە زىيالىي دېھقان زەردىگۈش بولۇپ سۆزلەشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى. باشقا ئامال قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ھەم بىلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ قويۇق ئۆسكەن، تىمەن ئۆسۈۋاتقان بەش مو يازغى بۇغداي ئۈستىگە سۇ سېپىلىپ كېۋەزگە ئوسا قىلىندى. شۇندىن كېيىن كادىرلارنىڭ باياتىن بېرى تورۇلۇپ، تۇتۇلۇپ تۇرغان چىرايلىرى ئانار شەربىتى ئىچكەندەك سوزۇلۇپ ارقىرىدى. ئۇلارنىڭ بىرمۇ دېھقاننىڭ چۈشەندۈرۈش، ارلىنىشلىرىغا خۇددى يىراقتىن تىزگىنەك بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ماشىنا ئادەملەردەك پەمەنت قىلمىدى. بولمىسا، دېھقان قوشنىمىز: بىرمو يەردىن توۋەن مۆلچەردە 250كىلوگرامدىن بۇغداي بولسا، بەش مو يەردىن 1250كىلوگرام بۇغداي بولىدىغانلىقىنى؛ بىرمو يەردىن 50تاغاردىن سامان چىقسا، بەش مو يەردىن 75تاغار سامان چىقىدىغانلىقىنى؛ يازغى بۇغداينىڭ ئورنىغا كەچ پىشار كۆممىقوناق تېرىماقچى ئىكەنلىكىنى؛ بىرمو يەردىن ئوتتۇرا ھال مۆلچەردە 300كىلوگرام كوممىقوناق چىقسا، بەش مويەردىن 1500كىلوگرام كوممىقوناق ئالىدىغانلىقىنى؛ شېخىنىڭ ئاز بولغاندىمۇ 1000باغلامدىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى؛ ئاشۇ ئاشلىق، شاخ-سامانلارنىڭ پۇلىنىڭ ئوخشاش كۆلەمدىكى كېۋەزنىڭكىدىن 40-30پىرسەنت يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش مو يازغى بۇغداينى بۇزۇپ ئورنىغا كېۋەز تېرىسا زىياننىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقىنى . . . شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، ھۆكۈمەتنىڭ باي بولۇش چاقىرىقىغا نامرات بولۇشتەك تەتۈر مۇقام بىلەن ئاۋاز قوشۇپ سالىدىغانلىقىنى . . . ئاشۇ ئاڭلىق، باشلامچى كادىرلارلا ئەمەس، ھاڭۋاقتى بەڭۋاش باللارمۇ قايىل بولارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرگەنىدى. ئەمما شۇنچە پاساھەتلىك چۈشەندۈرۈش سۆزلىرى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك ئاقىۋەت بىلەن كۆپايىلەندى.

دېمەك، دېھقاننىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان بىرمۇ كادىر چىقمىدى. بەلكىم قىزىقىپ قالغان ئوقۇرمەن سورار: بۇ ئىشنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى قانداق بولدى، دەپ. قانداق بولاتتى، دېھقان قوشنىمىز ئۆزى چۈشەندۈرگەندىنمۇ چوڭراق زىيان تارتتى. بۇزۇلغان بەش مو يازغى بۇغدىيى ئورنىغا تېرىلغان كېۋەز (ھەرموسىغا 200يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ) ئوسسى تاۋلىنىپ تېرىلىپ بولغىچە تېرىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ 5-ئايغا مانچە بوپكېتىپ قالغاچقا ۋاقتىدا پىشىپ ئېچىلالماي، ھەرموسىدىن 100كىلوگرامغا يېتەر-يەتمەس چىگىتلىك پاختا چىقىپ، بەش مو يەرنى ئىككى قېتىم تېرىشقا كەتكەن مەبلەغنىڭ پۇلىمۇ تىرىلمىدى. ئۇنىڭدا بەردى تۇرغان دېھقان شۇيىلى قوتىنىدىكى چارۋا-ماللىرىنى سېتىپ تۇرلۇك « . . . مەققىس » - سېلىقلارنى بەردى، قەرز تۆلىدى، ئاشلىق ئېلىپ يېدى . . . يېڭى يىللىق ھوسۇلغا ئۇلاشقىچە كۆرمىگىنى، تارتمىغىنى قالمىدى. شۇيىلى مەھەللىمىزدە شۇنداق كۆرمىشكە دۇچار قىلىنغانلار يالغۇز ئاشۇ دېھقانلا بولمىدى. ئۇنداقلار ئون ئائىلىدىن ئاشقانىدى.

## 2

يېتىلگەن قەلەمدىشىمىز باتۇر روزىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىل 4-ساندا ئېلان قىلىنغان «ئىگىسىز مازار خوجام» ماۋزۇلۇق ئەبجەش خاتىرىسىدە مىللىتىمىز (مىللىتىمىز زىيالىيلىرىدىكى مىللەتنى سۆكۈش، مىللەتتىن ئاغرىنىش ئەھۋاللىرىنى كۆزدە تۇتۇپ)نى ئىگىسىز مازارغا ئوخشاتقان ۋە ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى دەپ قاقشىغانىدى. ئىگىسىز مازار دېگەنلىك - قارىغۇچىسى، قوغدىغۇچىسى، پەرۋىشچىسى، يەنى كونا ئادەت تىلى بويىچە ئېيتقاندا شەيخى يوق مازار دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنداق مازارنى ماۋۇ مازارتىغۇ دېمەي، ھەركىمنىڭ، ھەرنېمىنىڭ كۆزىگە ئىلماسلىقى، ئاني، بوزەك، مەسخىرە ئېتىشى، خالىغان ۋاقىتتا خالىغانچە تالان-تاراج، ئاياغ ئاستى قىلىشى تۇرغانلا گەپ.

ھېلىقى قوش زىيان تارتقۇزۇلغان دېھقان قوشنىمىزنىڭ: «بىز كىمنىڭ؟ بىزنەنىڭ؟ ياكى بىز لەتككە ئوخشاش ئىگىسىز ئىنەك بوپقالدۇقمۇ؟» دېگەن گەپلىرىدىكى «بىز» سۆزى دېھقانلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇ ئاشۇ سۆزلىرى ئارقىلىق «بىز دېھقانلار كىملەرگە، نەگە تەۋە؟ سىلەر بىزگە، بىزنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىمىزگە ئىگە بولغۇچىلارمۇ-ئەمەسمۇ؟ ياكى بىز دېھقانلار ئىگىسىز تەبىقىمۇ؟» دېمەكچىدى.

ئۇستاز يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىمىزنىڭ «خاسىيەتلىك قار» پوۋېستىدا مۇنداق بايانلار بار: «مېنىڭ ئەقلىمگە كېلىپ تۇنجى ھېس قىلغىنىم - بۇدۇنيادا ئىگىسىز ھېچنەرسە مەۋجۇد ئەمەسكەن. بۇ ئۆي كىمنىڭ؟ پالانىنىڭ. ئاۋۇ يەر كىمنىڭ؟ پۇستانىنىڭ. ماۋۇ دەرەخ كىمنىڭ؟ پوكۇنىنىڭ. ئاۋۇ جاڭگال كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا؟ پالانچىنىڭ . . . ئويلاپ باقسام، دۇنيادىكى ماڭا تېگىشلىك نەرسىلەرنى مەندىن بۇرۇن تۇغۇلغانلار ئىگىلەپ بولغانىكەن. . .» ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئادەملەرنىڭ، ئادەملەر توپىنىڭ ئىگىسىز قېلىشى، ئىگىسى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ياق، بۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق ئادەمنىڭ قاراشلىق دۆلىتى، ئۆلكىسى (ئاپتونوم رايونى)، ناھىيە (شەھەر)ى، يېزىسى، كەنتى، مەھەللىسى، باشقۇرۇش رايونى، ئىدارىسى، قورۇسى . . . بار. بۇلار ھازىرقى ئادەملەرنىڭ كىملىكنامىسىدە ئېنىق يېزىقلىق. ھەتتا ئۇنىڭدا شۇئادەمنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ قانچىنچى نومۇرلۇق ئادىمى ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق يېزىقلىق. دېمەك ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەۋەلىكى - ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئورنى (يەنى ھاكىمىيەت ئورنى) بولىدۇ. بۇ بىر ئاددىي ساۋات. بۇ ساۋاتنى ھازىر ساۋاتسىز دېھقاندىن تارتىپ رەئىسكىچە، ئاغىسىز ئىشتان كىيىپ يۈرۈۋاتقان باللاردىن تارتىپ ئاقساقال، ئاقچاچ بوۋاي-موماي لارغىچە ھەممە كىشى بىلىپ بولدى. ئۇنداقتا نېمىشقا ھېلىقى يازغى بۇغداينى بۇزۇۋەتكەن كادىرلىرىمىز

① چاۋۇش - قەدىمي لەشكىرىي تۈزۈمدىكى ئونبېشىدىن يۇقىرى، يۈزبېشىدىن تۆۋەن ئەمەلدار. - ئاپتور

دېھقان قوشنىمىزنىڭ سوئالىغا «كىم دېھقاننى ئىگىسىز دەيدۇ! دېھقاننىڭ ئىگىسى پالانلار، پوستانى ئورۇن» دەپ ياكى «مانا بىزمۇ سېنىڭ ئىگەڭ» دەپ بېجىرىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ؟ تورۇپلا ئويلىنىپ قالدىم: بەلكىم ئۇلار دېھقاننىڭ ئىگىسىنىڭ كىملەر، قايەر ئىكەنلىكىنى دەرمەھەل ئاڭقىرالماي قالغاندۇ. ياكى گېزى كەلگەندە ئۇلارنىڭ (ئۆزلىرىنىڭمۇ) دېھقانغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالغاندۇ.

يەنە تورۇپلا باتۇر روزىنىڭ «ئىگىسىز مازار خوجام»نى بىر ئىشنى بىلمەيلا تۈككىدە يېزىپ تاشلىمىغانلىقىنى ھېس قىپقالدىم. بىزدە «كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولماپتۇ» دېگەنگەپ ۋە:

ئاسماندىكى ئاي ئىدۇق،
يەرگە چۈشۈپ لاي بولدۇق.
ئەجەب ئەزىز باللار ئىدۇق،
خەق ئالدىدا خار بولدۇق.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللار.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
كوچىدا خارۇ-زار باللار...
دېگەندەك قوشاقلار بار.

شۇنداق، بىر مەھەل ئىگىسى بولۇپ ئەتىۋارلانغان، ئەزىزلەنگەن، ئۇلۇغلانغان ئادەم ۋە نەرسىلەر بىرچاغلارغا كەلگەندە ئىگىسىز قېلىپ خار-زار بولىدىكەن. بىز ئۇيغۇرلار مازارلارنى ئۇلۇغلاپ تاۋاب قىلىدىغان، ئاسراپ، قوغدايدىغان خەلقمىز. بۇخىل ئەنئەنىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن ۋە ئومۇملاشقان. بىراق ھەممىدە ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىرىنچى، «جان باققان باتۇر»، «ئىت بول، ئېشەك بول پۇل تاپ» (باش مۇھەررىردىن) بوپكېتىۋاتقان، شۇسەۋەبلىك تالاي كىشىلىرىمىز ئاللاغا چوقۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ پۇل-مەنپەئەتكە چوقۇنۇشنى زىنھار ئۇنتۇپ قالمايۋاتقان بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ئېسىل ئەنئەنىمىزنىڭ قۇيرۇقىنى قوم باسقىلى تۇردى. يېزىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىنىڭ يانباغرىدا «دۆلدۆل ئوقۇرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي خارابىلىق بار ئىدى. يەرلىك كىشىلەرلا ئەمەس خېلى يىراقتىكىلەرمۇ ئۇنى «ھەزىسۇلتىنىم» (ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان) نىڭ كاپىرلار (شۇ چاغدىكى بۇددىستلارنى دېمەكچى. — باش مۇھەررىردىن) غا قارشى ئۇرۇشتا مىنگەن خاسىيەتلىك دۆلدۈلىنىڭ ئېغىل-ئوقۇرى» دەپ مازاربىلىپ ئۇلۇغلايتتى، تاۋاب قىلاتتى. ئۇنىڭدا سېھىر-ھېكمەت، ئۇلۇغ خاسىيەت بار، دەپ قارايتتى. دېگەندەك بۇمازارنىڭ ئۆزىگە لايىق سېھىر-ھېكمىتى بار ئىدى. ئوقۇردا بىر قوزۇق بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا ياغاچتەك كۆرۈنەتتى، يېقىن بېرىپ قارىسا ئالتۇندەك پارقىرايتتى. تۇتۇپ باقماقچى بولغاندا يەنە ياغاچ ھالىتىگە قايتاتتى. كېچىلىرى بۇ مازارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئارغىماق كىشنىگەندەك، قىلىچ-نەيزىلەر ئۇرۇلغاندەك ئاۋازلار چىقىپ، ئادەمنى سۈر باستۇراتتى. بۇمازارنىڭ خىسلەت-مۆجىزىلىرىمۇ بولۇپ، چالما-توپىلىرىنى قوقاق، ئىششىق، تەمرەتكە، باللاردىكى ئېتى پىچىلىشقا ئوخشاش تاشقى كېسەللەرگە سۈركەپ قويسا شىپا قىلاتتى. «دۆلدۆل ئوقۇرىدا ئالتۇن بار، ئوقۇردىكى قوزۇق، تاشلار ياغاچ-تاش ئەمەس، ئالتۇن» دېگەن گەپلەرگە چىنپۈتكەن بەش-ئالتەنەپەر گۆر ناكەھلى مۇرتەد بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر كېچىسى كېلىپ بۇ مازارنى ئورۇپ-چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. يەرلىك خەلق بۇزغۇنچى ئوغرىلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى كۆپ قىلغان بولسىمۇ تۇتالمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بولسا بۇ ئىشنىڭ سۈرۈشتىسىنى ھازىرغىچە قىلمىدى.

بىزدە يەنە مازارغا، مەسچىتكە، قىبلىگە قاراپ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىدىغان، تۈكۈرۈدىغان ۋە باشقا ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان كۇپىرانە-بەتئەخلاق قىلمىشلار قاتتىق چەكلىنەتتى. بىراق ھازىر.. . 1999-يىلى قەدىمىي ئاستانە يەكەنگە بارغىنىمدا كۆردۈمكى، مەن بارغان يەرلىكلەر چوڭ بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقنى - ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مازىرىنى ئات-ئېشەك، كالا-قويلىرىنى كۈندۈزى ئاپتاپسىندۇرۇدىغان ئېغىل قىلىۋاپتۇ. بىرنەچچىسى تېخى قەبرىستانلىقنىڭ چەت-چۆرىلىرىگە ئالدىنى قەبرىستانلىققا قارىتىپ بىرئەپلىك ھاجەتخانىلارنىمۇ سېلىۋاپتۇ. بىر يىلى قوربان ھېيتتا بىرنەچچە تۇغقىنىم بىلەن رەھمەتلىك دادامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، روھىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن قەبرىستانلىققا چىقتۇق. خەتمە قۇرئاندىن كېيىن كۆزۈم چۈشۈپ قالدى: بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىرنەچچە قەبرىنىڭ يېنىدا بىرتوپ ياش باللار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىشىۋاتاتتى، لاۋزا - بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ كۈلۈشىۋاتاتتى. بەزىلىرى ئاغزى ئېتىقسىز بوپقالغان چوكانلاردەك چىرقىلدىتىپ تۈكۈرۈۋاتاتتى. ئاردىن بىرى ئىشتانبېغىنى يەشكىنىچە بېرىپ، بىر قەبرە ئېمىغا يۆلىنىپ ئىتچىلاپ كىچىك تەرەت قىلدى.

ئۆزىمىزنىڭ مازارلىرىنى ئۆزىمىز ئاسرىماساق، قوغدىماساق، ئىگە بولۇپ ئۇلۇغلىمىساق، خارلاپ، دەپسەندە قىلساق، باشقىلارنىڭ ئۇنى تالان-تاراج، ئاياغ ئاستى قىلىشى بايىلا تۇرغان گەپ. بەلكىم باتۇر روزى «ئىگىسىز مازار خوجام»نى مۇشۇنداق ئىشلارنى بىلىپ، كۆرۈپ يازغان بولسا كېرەك.

بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئەسلىدە ئاتا-ئانىمىزنىڭ، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مازارلىرىغا ئوخشاش ئۇلۇغلاشقا، قوغداشقا، ئاسراشقا تېگىشلىك كىشىلەر ئىدى. چۈنكى ئۇلار پاك ئېتىقادى، ساپ تەرى بەدىلىگە ياراتقان ھالال نېمىتى بىلەن ئىنسانلارنى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنى مىننەتسىز بېقىۋاتقان - ھاياتىي كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتقان بىباھا ئۇلۇغلاردۇر! لېكىن ھازىر بۇ ئۇلۇغلار تۈپى «ئىگىسىز مازار خوجام»لار ئىچىدىكى ئەڭ ئىگىسىز تۈپىقا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى داھىي ماۋزېدۇڭ ئەينى چاغدا دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتكەندە: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى - ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورلۇقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت» دەپ ئېنىق شەرھىي بەرگەن ۋە ئۆمۈر بويى دۆلەتنىڭ، دۆلەت كادىرلىرى ۋە سىياسەت - بەلگىلىمىلىرىنىڭ دېھقانلارغا باشپاناھ-غەمگۇزار بولۇدىغانلىقىنى ۋە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ تۇرغانىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بايرىقى ئۇرغاق - بولقا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراق. بۇ بايراقتىكى ئۇرغاق - دېھقانلارغا، بولقا - ئىشچىلارغا سىمۋول قىلىنغان. دېمەك، بىزنىڭ پارتىيىمىزمۇ ئىشچى-دېھقانلار ۋەكىللىكىدىكى ۋە شۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدىكى پارتىيە. سىياسەت - تەدبىرلەر يېڭىلانغىنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئالماشقىنى بىلەن پارتىيىنىڭ، دۆلەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرى ،مەقسىتى ،نىشانى ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق . دەۋرىمىزدىكى كادىرلار بۇ نۇقتىلارنى ئەستە تۇتۇشى ، دېھقانلاردىن ھېلىقىدەك سوئاللارغا يولۇققاندا دىلىغۇل بولماي ،دۇدۇقلىماي : «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ ئىگىسى ، بىز كادىرلارمۇ ھەم ئىگە »دەپ يۈرەكلىك جاۋاب بېرىشى كېرەك .

لېكىن ئۇلار نېمىشقا شۇنداق جاۋاب بېرەلمەي تىل چاينايدۇ ؟

## 3

ئەمدى بىز ئەسلى گېپىمىزگە - «ئىگىسىز ئىنەك »ھەققىدىكى بايانلىرىمىزغا كېلەيلى . مەن مەزكۇر يازمامنىڭ نامىنى شۇنداق دەپ قويدۇم . راستىنى ئېيتسام ، يازمامغا مۇشۇ نامنى قويۇشۇمغا باتۇر روزىنىڭ «ئىگىسىز مازار خوجام »دېگەن ئەبجەش خاتىرىسى تۈرتكە بولدى . باياتىن دۇنيادا ئىگىسىز ھېچنەرسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى ئۇستاز مەتتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ «خاسىيەتلىك قار »پوۋېستىدىكى بايانلارنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق قەيت قىلغانىدىم . خوش ، ئۇنداقتا ، ساغسا سۈت بېرىدىغان ، سۈتىدىن قېتىق ئۇيۇتقىلى ، قايماق ئەتكىلى بولۇدىغان ؛ يىلدا بىر قېتىم تۆل (موزاي )بېرىدىغان ، ئىشلەتسە مىننەتسىز كۈچ بېرىدىغان ،پوق-سۈيدۈكلىرىمۇ زىرائەتكە كېرەكلىك ئوغۇت بولۇدىغان . . . ھالال ئۆي ھايۋىنى بولغان ئىنەك (كالا )نىڭ ئىگىسىز قېلىشى ، ئىگىسى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟

كوممۇنا ۋاقتىدا بىزنىڭ ئەترەت (شياۋدۈي ) دىكى كالىلار ئىچىدە «لەتەك »لەقەملىك ،كۆپ ئىشلارغا كۆنۈك ياخشى بىر ئىنەك بولۇدىغان . ئۇ ئىنەك ياۋاش بولغاچقا باشقا كالىلار ئۇنى ئۈسۈپ ، قوغلاپ ،يەملىرىنى يەۋېلىپ بوزەك قىلاتتى . ئۇنىڭ موزايلىرىمۇ باشقا كالىلارغا ھەمدەم بولۇپ ئۇنى ئاشۇنداق بوزەك قىلىشقا قاتنىشاتتى . «بوزەكنى بوزەك ئەتمىسە قىيامەتتە سورىقى بار »غا ئەمەل قىلىدىغان ماخوچى دېگەن قاراكۆڭۈل بەتنىيەتمۇ كەپسىز كالىلارنى ئەدەبلىمەي ،ئاشۇ لەتەكنى ئۇرۇپ قوغلايتتى . لەتەك يەنە سۈتلۈك ،ئايىغى چاققان ، مىنىككە كۆنۈك بولغاچقا ماخوچىلا ئەمەس ، باشقىلارمۇ ئۇنى ئېپى كەلگەن يەردە سېغىۋالاتتى ، ھەرخىل ئىشلارغا سېلىۋالاتتى . ئۇششاق بالىلارمۇ مىنىپ ، قوغلاپ ئوينايتتى . مەھەللىدىكى بىرەرسىنىڭ خامان تېپىدىغان ،هارۋا قوشۇدىغان ، قوش ھەيدەپ ،سۆرەم سالىدىغان . . .ئىشلىرى چىقىپ ئەترەت باشلىقىدىن كالا سورىسا ،ئۇمۇ ئالدى بىلەن لەتەكنى بېرەتتى . كوممۇنىنىڭ ئىشلىرىغا سالىدىغان چاغدىمۇ ھەممەيلەن «لەتەكنى مەن قوشىمەن ، لەتەك مېنىڭ ،لەتەكنى ئەكەل »دەپ ئۇنى تالىشاتتى .لەتەك ھەرقانداق ئىشقا ئەپلىك ،چەبدەس ئىنەك بولغاچقا ئۇنىڭغا ئاشۇ «لەتەك »دېگەن لەقەم سىڭگەنىدى .

ئىشلىتىدىغان ،نەپ ئالىدىغان چاغدا كىمنىڭ قىلىپ سېتىۋالغان قىممەتلىك بۇيۇمدەك تالىشىپ قالىدىغان بىچارە ئىنەك قورسىقىنى تويغۇزۇدىغان ، ئۇسسىغان ،كېسەل-ئاغرىق بولغان ، ھېرىپ-تالغان ، بوزەك بولغان . . . چاغلىرىدا كېرەكسىز جىسىمدەك ئىگىسىز قالاتتى . كالىلارنىڭ نورمىلىق يەم-قوناق ، كېپەك ، كۈنجۈرلىرىنى يەپ ھەم سېتىپ ماخوچىلىقنىڭ پايدىسىنى ئوبدانلا كۆرگەن قارانىيەت ماخوچىمۇ لەتەككە تۈزۈك قارىمايتتى . لەتەكنىڭ كىمنىڭ پاي قوشقان كالىسىنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىنمۇ ، ياكى يۇقىرىقىدەك كۆرمىشلىرى سەۋەبلىكمۇ ،كىشىلەر ئۇنى لەتەك دېگەن لەقىمىدىن باشقا يەنە «ئىگىسىز ئىنەك »دەپمۇ ئاتىۋالغانىدى .

ھېلىقى دېھقان قوشنىمىزنىڭ «ئىگىسىز ئىنەك»دېگىنى ئاشۇ ئىنەك ئىدى . ئۇ ، دېھقانلارنى ئاشۇ ئىنەككە ، دېھقانلارنىڭ كۆرمىش-كەچۈر-مىشلىرىنى ،قىسمەت-تارتقۇلۇقلىرىنى ئاشۇ ئىنەكنىڭكىگە ئوخشاتقانىدى . ئېھتىمال ، كادىرلىرىمىز ئۇ ئىنەكنى ،ئۇنىڭ قانداق مىجەزلىك ،قانداق قىممەتلىك ئىنەك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ،دېھقان قوشنىمىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي قالغان بولۇشلىرى مۇمكىن . شۇنداق ، بولمىسا كادىرلىرىمىزدىن دېھقانغا بوش كېلىپ ،تىل چاينايدىغانلىرى يوق ئەمەسمۇ .

## 4

خۇددى شائىر ،ياش پەيلاسوپ ئابدۇقادىر جالالىددىن بىر ماقالىسىدا ئېيتقانىدەك ، دۆلىتىمىزدە نۇرغۇن نەرسىلەر ،ئورۇنلار ۋە مۇئەسسەسەلەر خەلقنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈدىغان «خەلق»سۆزى بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدۇ ۋە يېزىلىدۇ :ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى - «خەلق ھۆكۈمىتى» ،بانكىلار - «خەلق بانكىسى» ، سوتمەھكىمىلىرى - «خەلق سوتمەھكىمىسى» ،ساقچىلار «خەلق ساقچىسى» ،پۇل «خەلق پۇلى» ،شەھەر مەركەزلىرىدىكى مەيدانلار - «خەلق مەيدانى» . . .دېگەندەك . ئەمما ،يەنە شۇ ئابدۇقادىر جالالىددىن شۇ ماقالىسىدا (ماقالىنىڭ نامى ئېسىمدە قالماپتۇ )قەيت قىلغانىدەك ، خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئورۇنلىرىدا ئۆز كىشىلىرى ، ئۆز ئىگىلىرى ئالدىدا ئۇلار تەرىپىدىن ھاجەت-تەلەپلىرى راۋا بولماي ئىلتىجا قىلىپ ، تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ . ئاشۇ خەلق بىرنېمىسى دەپ ئاتالغانلار خەلققە ئۇگايلىقچە نېسىپ بولماي خەلقنى قاقشىتىدۇ . مەن «دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003.يىل 2.سانىدا بېسىلغان . - باش مۇھەررىردىن )دېگەن ماقالەمدە :«مەملىكىتىمىز-دىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ 85 پىرسەنتكە يېقىنى دېھقان ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز مىليون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرنىڭ 90پىرسەنتكە يېقىنى دېھقان . . . شۇڭا خەلق دېمەك - دېھقان دېمەك ، دېھقان

دېمەك ـ خەلق دېمەك دېمەك خاتا بولماس» دېگەنىدىم. شۇنداق بولغاچقا تۆۋەندىكى مىساللاردا خەلق دېمەي دېھقان دەۋېرىمەن. ناھىيە (شەھەر)لىك، يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە كىرسەڭ كۆرۈسەنكى، ئۇيەردە ئەڭ زۆرۈر ھاجەت. تەلەپلىرى راۋا قىلىنماي يېتىم بالىدەك يىغلاپ، قاقشاپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ تولىسى دېھقان؛ خەلق بانكىلىرىدا ئۆز پۇللىرى («خەلق پۇلى» دەپ ئاتالغانىكەن، شۇ ئاتاققا يارىشا خەلقنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە تېگىشى كېرەكتۇ)نى قەرز-ئۆتنە ئالالماي، شۇيەردىكى غوجاملارغا سارغىيىپ سازايى قىلىنىۋاتقانلارنىڭ بارى دېھقان؛ خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئەرز-دادلىرى ھەل بولماي بوغۇلۇپ يۈرۈۋاتقانلارمۇ يەنە شۇ دېھقان؛ ھېچقانداق بىر جىنايىتى بولمىسىمۇ ئۆزى (خەلق) ساقچىلىرىدىن ئۆسكەك كالىدىن، بەتخۇي ئىتتىن قورققاندەك قورقۇپ، ھولۇقۇپ، تىترەپ يۈرۈۋاتقانلارمۇ يەنە شۇ دېھقان، دېھقان! شەھەر مەركەزلىرىدىكى خەلق مەيدانلىرىدا ئەتىگەن ۋە كەچلەردە ھاۋايەپ، سەير-تاماشا قىلىپ يۈرۈۋاتقان، ھەرخىل پائالىيەت، يىغىلىشلارغا قاتنىشىۋاتقانلار ئارىسىدىن بىرمۇ دېھقاننى تاپالمايسەن...

ئەمەلىي مىسال: «مەن نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 2002-يىل 5-سانىغا بېسىلغان. ـ باش مۇھەررىردىن) دېگەن ماقالەمدە: «يەرنىڭ ئۇسسى تاۋلاشقاندا يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپېراتىپىغا نەچچە كۈن سوكۇلداپ، ئۇيەردىكى غوجاملارغا نالە قىلىپ قەرز پۇل ئېلىپ، بۇ پۇلغا يالتىراق، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە ئۇرۇقلۇق چىگىت سېتىۋېلىپ يەرگە كېۋەز تىكىمەن» دېگەنىدىم. ئەمما بۇيىل ئۇنداق قىلالمىدىم. ئەتىياز يەنە شۇ ماقالەمدە ئېيتقان ھېلىقى ئۈچ مو پاتاسلىق يېرىمگە كېۋەز تىكماقچى بولۇپ، ئۇسسىنى قىلىپ بولۇپلا يېزىلىق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىغا كىردىم. ئۇيەردىكى خېلى كېسەرمەن بىرىگە ئىلتىجايىمنى ئېيتتىۋىدىم، ئۇ: «كىملىكىڭنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى، بىرنەچچە پارچە سۈرىتىڭنى ئېلىپ ئۆگۈنلۈككە كىر» دېدى. ئۆگۈنى ئۇ نەرسىلەرنى تەقلەپ كىرسەم «بۈگۈن مۇنداق جىددىي ئىش چىقىپ قالدى، ئىككى كۈندىن كېيىن كىر» دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن كىرسەم، «بىزنىڭ باشلىق ئاتۇشقا يىغىنغا كەتتى، ئۇ تەستىق سالمىسا، بىز بىۋاستە پۇل قەرز بېرەلمەيمىز. ئەتە كەپىاق، باشلىق كەپقالار» دەپ يەنە قۇرۇق يولغا سالدى. ئەتىسىمۇ يەنە باشقا باھانە كۆرسىتىپ ئەتە كېلىشىمنى ئېيتتى. ئۇنىڭ «بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس»، «ئۇنىماسنىڭ گېپى تۈگىمەس» دېگەندەك قىلغىنىنى بىلمەي مەنمۇ «قېرىشقاننىڭ قىزىنى ئال»، «قاچقاننى قوغلا» دېگەندەك قىلىپ كىرىۋېرىپتىمەن. ئاخىرىدا، ئۇنىماسنىڭ گېپى تۈگىدىيۇ، بەرمەسنىڭ ئېشى راستتىنلا پىشمىدى. ئۇلار: «ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئاجراتقان پۇل تۈگىدى، يۇقىرىدىن توختىتىۋەتتى، ئەمدى ھەرقانداق ئادەمگە قەرز بېرىلمەيدۇ» دەپلا گەپنى ئۈزدى. بىراق كۆزىتىپ باقسام، ئاشۇ گەپلەرنى قىلغان، ماڭا 500يۈەن قەرز بەرمىگەن «پرىنسىپچىلار» باشقىلارغا نەچچە مىڭ يۈەنلەپ بېرىۋاتاتتى. ھەتتا باشقا يېزا-ياقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەرمۇ ھەرخىل يوللار بىلەن باغلام-باغلام پۇللارنى قوينىغا سېلىپ چىقىۋاتاتتى. شۇئىشلارغا قاراپ: «ئۆز يۇرتلۇق ئون پۇل بەرسە قوغلاپ چىقىرىپتۇ، ياقا يۇرتلۇق تۆت پۇل بەرسە سوپۇندەك چىقىرىپتۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغانىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەمما مەن قەرز ئېلىش ئۈچۈن بانكىچى غوجاملارغا ئون پۇل ئەمەس، بىرپۇلمۇ بەرمىگەنىدىم. ئەسلىدە ئۇلارغا ئاشۇنداق «ئون پۇل»لارنى بەرسە سوپۇندەكلا ئەمەس، مەكىت قويىنىڭ قۇيرۇقىدەكمۇ چىقىرىدىكەن ئەمەسمۇ.

ئاشۇ پۇل ئېلىۋاتقانلارمۇ ماڭا ئوخشاش خەلق ئىدى. ئاشۇ ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىنىڭ چېكىسىگىمۇ «خەلق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى» دەپ يوغان يېزىقلىق تۇراتتى. ھاجىتىم راۋا بولماي بېشىم قېتىپ تىت-تىت بولۇپ يۈرگىنىمدە، ئاشۇ ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى مۇدىرىنىڭ قىزى ئىشلەيدىغان بىر پونكىتنىڭ باشلىقى بۇرادىرىم ماڭا ئۆزى ۋە دادىسىنىڭ تېرىقچىلىقى ئۈچۈن 2500يۈەن قەرز ئېلىش جەريانىدىكى «ئالاھىدە» ئىشلىرىنى ماختىنىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ماڭا ۋە باشقىلارغا ئوخشاش كىملىكنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىنى، سۈرەتلىرىنى ئەكىرمەي، ئانكىت-جەدۋەللەرنى توشقۇزۇپ قول قويماي، مۇدىر بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىپلا ئىشنى جۈندەپتۇ. ئۇنىڭ پونكىتىدىكى باشقىلارمۇ شۇنداق قىپتۇ...

شۇنداق قىلىپ باشقا ئامال بولمىغاچقا ھېلىقى ئۈچمو پاتاسلىق يېرىم بۇيىل ئاق قالدى. ياق، ئاق قالمىدى: قومۇش، سېركەچ، بېسىلغاق ۋە باشقا ئوت-چۆپلەر ئوبدان ئۈنۈپ، بولۇق ئۆستى. بىراق كېۋەز ياكى باشقا مەدەنىي زىرائەتلەر تېرىلماي قالدى. ئۆزۈۋاقتىمدا كەنجى بەگنىڭ دورغىسىدەك سوكۇلداپ كېلىپ، بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋېلىپ: ئۇنى قىل، بۇنى قىل، ئۇنى تېرىما، مانى تەر، دەپ دورغىلارچە كۆرسەتمە بېرىپ يۈرۈيدىغان غوجاملاردىن بىرەرسىمۇ مۇشۇ كەمگىچە كېلىپ، يېرىڭنى نېمىشقا تېرىمىدىڭ، ئەھۋالىڭ نىچۇك؟ دەپ قويمىدى. لېكىن تېرىلماي قالغان يېرىمگە كېلەرلىك ھاشار، ئالۋاڭ-سېلىقلارنى قاتاردىن قالدۇرماي ئۇرۇندىتىپ، ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق «نىكاھىدا يوق، ئۆختالىقىدا بار، باراۋېتىدە يوق، بەرەپتىدە بار» ئىشلار بىز دېھقانلارغا ھازىر ئانچە غەيرىي تۇيۇلماس بوپكەتتى.

2002-يىلى ئىيۇلدا يېزا بويىچە قوزغىغان، دېھقانلارغا جاپاسى، ئەمەلدارلارغا پايدىسى تېگىدىغان بىر ئېچىش ھاشىرىدا كەتمىنىمىزدىكى باشلىقلاردىن بىرسى بىلەن ئۇنىڭ يولسىز بۇيرۇقى سەۋەبلىك تۇتۇشۇپ قالدىم. ئۇ، ئىلمىي-چىرايلىق گەپ بىلەن رەددىيە بەرگۈچىلەرنى مەندىن قورقۇپ شۇنداق قىلدى، دەپ ھەددىدىن ئاشىدىغان، ياخشى گەپ زايە كېتىدىغان قارافۇرساق مەمەدانلاردىن ئىدى. شۇڭا «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» بويىچە قوپال گەپ بىلەن ئاغزى-بۇرنىنى قارا چاپلاق قىپقويدۇم. شۇ چاغدا «خەپ، خەپ»تىن باشقا گەپ قىلالمىغان «ھۆرمەتلىك يۇرت كاتتىسى» بۇنى ھۆكۈمەتكە يانغانلىق ھېسابلاپ، كەچتە يېزىلىق ساقچىخانىغا ئەرز قىپتۇ. ئەتىسى يەنە شۇ ھاشار بېشىدا كەتمەن چېپىۋاتسام تۆت نەپەر خەلق ساقچىسى (خۇددى ماڭا بىر-ئىككىسىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغاندەك) دۈمبىسىدە قىزىل چىرىقى بار، ھوقۇيتقاق ماشىنىسىنى ھەيدەپ چىقىپ مېنى چاقىرتتى. بارسام ئۇلار: «باشلىقنى نېمىشقا تىللىدىڭ؟» دەپ سوئال-سوراق قىلىشتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى خۇددى ماڭا بىشەم ئاتا-ئانىلارنىڭ «بالامنى نېمىشقا بوزەك ئەتتىڭ؟ ئەمدى كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن» دېگەن گەپلىرىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارغا ئىشنىڭ جەريانىنى تەمكىنلىك بىلەن چىرايلىق سۆزلەپ چۈشەندۈردۈم، ج خ ساقچىلىرىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا بۇ خىل يول بىلەن ئارىلىشىشىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى سەمىلىرىگە سالدىم. ساقچىلار چۈشەندى، قايىل بولدى-دە، باشلىق ئىككىمىزنى تەربىيە بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ

قويغان بولۇپ قايتىپ كەتتى . ئەمما قايتار ۋاقتىدا : بۇندىن كېيىن بۇنداق قىلماسلىقىمنى ،دىققەت قىلىشىمنى ، بولمىسا ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە سۆزلۈك ئەلپازدا جېكىلەپ قويۇشنى ئۇنتۇشمىدى . . .

ماتېرىياللاردىن ئۇقۇشۇمچە ، فىلىپپىننىڭ رەئىس جۇمھۇرى چەت ئەللەردە بالا باققۇچى ، ئائىلە خىزمەتچىسى ئوخشاش مەدىكارلىق ئىشلىرىنى قىلىپ فىلىپپىنگە قايتىپ كەلگەن ئاياللارنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان ۋە :«سىلەر بىزنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرىمىز »دەپ مەدھىيىلىگەن . ئامېرىكىلىق بىر ياش ئۆزى بەڭۋاشلىق قىلغانلىقتىن سىنگاپوردا قامچىلانغاندا ،ئامېرىكىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى بۇ ئىشقا بىۋاسىتە ئارىلىشىپ ، ئاشۇ ياش پۇقراسىنىڭ جىسمانىي ،ئىنسانىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . سىنگاپور ھۆكۈمىتىگە ئاشۇ ياشتىن كەچۈرۈم سوراش ،ئۇنى دەرھال قويۇپ بېرىش . . . توغرىلىق بېسىم ئىشلەتكەن . . .

باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ مەدىكارلىرىنى ،بەڭۋاش پۇقرالىرىنى شۇنداق ئىگە بولۇپ مەدھىيىلىگەن ،قوغدىغان تۇرسا ،بىزدە نېمىشقا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ۋە ئېلىشىغا سەھىپە يارىبەرمىگەندەك ئىشلار مەۋجۇت بولىدۇ ، ئەۋج ئالىدۇ ؟ بولمىسا ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزمۇ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان ،خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورلۇقىدىكى ، كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل بولغان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتقۇ .

شۇلارنى ئويلاپ ، ھېلىقى دېھقان قوشنىمىزنىڭ بىز دېھقانلارنى ئىگىسىز ئىنەككە ئوخشاتقانلىقىنىڭ ئاساسى يوق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم .

## 5

قىرغىز قەلەمكەش ئىنىمىز ئابدۇراخمان ئەزىز «ئەل قاتارى پاراڭلار» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2003-يىللىق 2-سان) دېگەن ماقالىسىدا : «دېھقان دېگەن دۆلەتنى باقىدۇ ، ئائىلىنى باقىدۇ . . . ئاجىز ، غېرىب-غۇرۋانىمۇ باقىدۇ ،كۆچلۈك ،قولى ئۇزۇنلارنىمۇ باقىدۇ . . . »دېگەنىدى . مەنمۇ «دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى »ناملىق ماقالەمدە : «قايسىبىر كادىر دېھقان ئىشلەپچىقارغان نېمەتسىز ياشىيالايدۇ ؟ . . .دېھقانسىز دۆلەت بولمايدۇ . دېھقانسىز ھاكىمىيەتمۇ بولمايدۇ .دۆلەت دېھقانلار ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ . ھاكىمىيەتمۇ دېھقانلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق تىكلىنىدۇ» دەپ ئېيتقانىدىم . شۇنداق ، دېھقانسىز ھاياتلىقنىڭ ،ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

دېھقانلارنىڭ شۇنداق مۇھىم توپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن جياڭ زېمىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمىز «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش»نى ،دېھقانلارنى تۇرلۇك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ،چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق باي قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدىمۇ «كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ (بۇيەردە دېيىلىۋاتقان ئامما ئاساسەن دېھقانلارنى كۆرسىتىدۇ)تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش»نى مۇھىمنىڭ مۇھىمى دەپ تەكىتلىگەن . بىراق «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» . . .لارنى ئۆگىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزمەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىشنى ئوبدانلا ئۆگىنىپ بولغان بەزى كادىرلىرىمىز يۇقىرىقى كۆرسەتمىلەرگە قانداق «ۋەكىللىك قىلىش»نى

نىڭمۇ بىر ئوبدان ئېپىنى تېپىپ بولدى . 2002-يىلى كۈز ، يېزىمىزدىكى دېھقانلارنى ھايت-ھۇيت دېگۈچە ماللىق بەدىلىگە يەتكۈزگۈسى ،بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئالدۇرۇپ ،بېيىشقا لەيلەن. توقاچ قىلىۋەتكۈسى كەپكەتكەن شەھەر ۋە يېزا رەھبەرلىرىمىز ئەسلىدە ئېچكىرىدە يېتىشتۈرۈلگەن تاڭشەن مانچىنچى نومۇرلۇق بېغى بىر بۇغداي سورتىنى كەلتۈردى-دە ، ئازراق سىناق قىلىپ بېقىش ئەكلىپىنىمۇ رەت قىلىپ ،بىراقلا 7000مودەك يەرگە تېرىتتى .مول ھوسۇل بەرگۈچى بۇ ئېسىل «مېھمان»سورت يېتىرقىدىمۇ ياكى يېزىمىزنىڭ سۇ ، تۇپراق ۋە كىلىماتىغا ماس كەلمىدىمۇ ،ئىشقىلىپ ، توختا ، مەن ئۆزۈمنى شۇنچە قىممەت سېتىۋالغان دېھقانلارنى تازا بولۇپ لەگمەن-توقاچلا يېگۈزۈۋېتىدىغان ،مېنى شۇنچە يىراق يەردىن ئەتىۋارلاپ ئەكەلگەن كادىرلارنىڭ «كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش»ىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋەزىپەم كۆپ ئېسىل سورت ئىدىمغۇ دېمەي ، مول ھوسۇللا بەرمەي قالماستىن ،تۆۋەن ھوسۇلمۇ بەرمەي دېھقانلارنى داغدا قويدى ،كادىرلارنى ھەيراندا . بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ دېھقانلارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كەلگەن شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنچاقلانما سۆزى - خۇددى يۇگوسلاۋىيە كىنو فىلىمى «كۆۋرۈك»تىكى گېرمان ھەربىي قوماندانى گوتمان كۆۋرۈك يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلىرى تەرىپىدىن پارتلىتىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئەپسۇسلۇق بىلەن ئېيتقاندەك «بىز مەغلۇب بولدۇق »دېگەندىن ئىبارەت بولغان .ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان قوشۇن قوماندانلىرى ،دۆلەت رەھبەرلىرى ئاشۇ مەغلۇبىيەتلىك ، پايدىسىز ئۇرۇشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن بىھېساب بەدەل تۆلەيدۇ : ھەربىي سوت تەرىپىدىن سوتلىنىپ ، ۋەتىنى ، خەلقى ئالدىدا جاۋابكارلىقىا تارتىلىدۇ ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ ، قاماقتا ياتىدۇ . . . 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇب بولغان گېرمانىيە ، ياپونىيە قوماندان-ئوفىتسېرلىرىدەك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ ،ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەيدۇ . . . گوتمانغا ئوخشاش «بىز مەغلۇب بولدۇق» دېگەن ، مەغلۇبىيەتنى تەن ئالغان رەھبەرلىرىمىزدىن بىرەرسىمۇ مەغلۇبىيەتنى ئۈچۈن بەدەل تۆلىمىدى ،بۇرنى قانىغانچىلىك ، بىر تال هارام تۈكى چۈشۈپ كەتكەنچىلىك زىيانمۇ تارتمىدى .«ئامبىلدىن تۆڭچىسى يامان »دېگەندەك ، ئۈپكىلىرىنى قاغا جىگدىگە ، شەپكىلىرىنى شاخقا ئىلىپ قويۇپ ئاشۇ سورتنى تېرىشقا «ھە-ھۇ »دېيىشكەن تۆۋەن قاتلام كادىرلىرىدىن بىرەرسىمۇ ھېچنېمە بولماي ،يەنە بەخىرامان «ھە-ھۇ »دەپ يۈرۈۋاتىدۇ . دېمەك ، ئەمەلىيەتتە كادىرلار مەغلۇب بولمىدى ھەم زىيانمۇ تارتمىدى . 7000مودەك يەرگە ئاشۇ مول ھوسۇل بەرگۈچى ئېسىل كۈزگى بۇغداي سورتىنى تېرىغان ،ياق ، تېرىشقا مەجبۇرلانغان دېھقانلار مەغلۇب بولدى ،زىيان تارتتى .ياق ، ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولغۇسى ، زىيان تارتقۇسى يوق ئىدى .بىراق «قوماندانلىرى »تەرىپىدىن قاراپ تۇرۇپ مەغلۇب قىلىندى ،زىيان تارتقۇزۇلدى .شۇڭا مەغلۇب بولدۇق دېيىشكە توغرا كەلسە ئاشۇ دېھقانلار بىر ئەمەس ،بىرنەچچە مىڭ قېتىم دېسە توغرا كېلىدۇ .

كۆردىڭىزمۇ ، بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ماھارەتلىكمىكەن ؟ شۇنداق . ئۇلار قالتىس ماھارەتلىك .بەغەرەز-نادان ئەمەس ،بەك زىل ، بەك ھوشيار . ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇلار يېڭى سورتتىن مول ھوسۇل ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر قېتىملىق دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش ئىشىدا «مەغلۇب بولغان» بىلەن ، يەنە شۇ ئىشتا ئۇرۇقچىلىق شىركىتى بىلەن كەڭ كادىرلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالاشتەك «قوش غەلىبە» نى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمىدى . شۇنداق بولغاچقا ،ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ جاۋابكارلىقىا تارتىلماي ، خىزمىتىدىن قالدۇرۇلماي ، مائاشلىرىدىن 10سومىمۇ تۇتۇپ قېلىنماي ،يەنىلا دېھقانلارغا تولۇق ئاۋاز بىلەن : «ئۇياقتا تۇر ،بۇياقتا تۇر ،ئۇنى تېرىما ، بۇنى تەر . . . ھە-ھۇ .

...» دەپ قول شىلتىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كۆرسەتمە بېرىپ يۈرۈشمەكتە.

كەمىنە دېھقان قەلەمكەش بىلىمىم چولتا كىشى بولغاچقا ئۇنى ئازراق بولسىمۇ تولۇقلاش ئۈچۈن كىتاب-ماتېرىياللارنى تاپقىنىمچە ئوقۇپ تۇرىمەن. شۇ قاتاردا دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇيمەن. شۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ۋاقىپلاندىمكى، دېموكراتىيە يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشقان غەرب دۆلەتلىرىدە يۇقىرىقىدەك ئىشلار سادىر بولسا ئالدى بىلەن شۇ تورگە مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك بىرىنچى باشلىق ھېچقانداق بېسىم-بۇيرۇقسىزلا ئۆزلىكىدىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدىكەن. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن مەن جاۋابكار دەپ قارايدىكەن (بۇنىڭغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 2-سانىغا بېسىلغان «دانىيە باش ۋەزىرى دېئاننا بىلەن چۈشۈمدە قىلىشقان گەپلەر» سەرلەۋھىلىك فېليەتون دەلىل بولالايدۇ). ئاندىن ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر دەرىجىمۇ دەرىجە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىكەن. بىزدە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، تۆۋەنچە بالا كەلسىمۇ رەھبىري كادىرلارنىڭ بۇرۇتى تەۋرىمەي، قانىتىغا چەل يۇقماي ئاق توخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق يۈرۈۋېرىدۇ. جاۋابكارلىق - مەسئۇلىيەت تۆۋەندىن سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، تۆۋەنگە ئىتتىرىلىدۇ. ئىتتىرىلىپ، سۈرۈلۈپ كېلىپ ئاخىرىدا «دۇ غېرىبنى ئۇرار، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى» دېگەندەك، بار تارتقۇلۇق خۇدا بىلەن ئۆزىدىن باشقا پاناھى يوق دېھقانغا بولىدۇ.

ئىشلار شۇنداق بولغاچقا دېھقانلار كادىرلارغا زارلاپ-قاقشاپ: «بىز كىمنىڭ؟ بىز ئىگىسىز ئىنەك بوپقالدۇقمۇ؟» دەپ سوئال قويىدىغان، كادىرلار بولسا «مانا بىز سىلەرنىڭ ئىگەڭلار» دەپ جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

## 6

يازمامنىڭ 2-بۆلىكىدىكى ھېلىقى گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىسام، دۇنيادا ئىگىسىز ھېچنەرسە مەۋجۇد ئەمەس. ئەدناسى، ئاچچىق سۇلۇق دېڭىز - ئوكياننىڭ، ئاللا ياراتقان پېتىچە ھېچنەرسىگە ئىشلىتىلمىگەن ھەم ئىشلەتكىلىمۇ بولمايدىغان ئاسمان بوشلۇقىنىڭمۇ ئىگىسى بار. يەنە تېخى يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋاندىن تارتىپ زەھەرلىك يىلان - چايانغىچە، قۇشلاردىن تارتىپ قۇرت - قوڭغۇزغىچە... ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىگىسى بار. مەن تېلېۋىزوردىن مەلۇم بىر دۆلەتتە بىر خىل كېسەللىك تۈپەيلىدىن دېڭىزنىڭ تېيىز يېرىگە (ساھىلغا) چىقىپ قالغان كىت-لەھەڭلەرنى شۇيەرلىك نەچچە مىڭ كىشىنىڭ خەتەرگە قارىماي قۇتقۇزۇۋاتقانلىقىنى، شۇ دۆلەتنىڭ ئاشۇ جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش، ئاسراش، قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ، مەخسۇس ئورۇن، خادىملارنى ئاجراتقانلىقىنى، يەنە بىر دۆلەتتە ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ۋەھشىيلەرچە زىيان سالىدىغان بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا كەپقالغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ، نەسلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەت قىلىنغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. دۆلىتىمىزدىمۇ نۇرغۇنلىغان ياۋايى ھايۋان، ئۇچارقۇش، ئۆمىلىگۈچى، سەكرىگۈچى ئوخشاش جانلىق-ھاشارەتلەرگە دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مانچىنچى دەرىجىلىك قىممەتلىك ھايۋان، قىممەتلىك قۇش... دېگەندەك ناملار بېرىلىپ، بۇئىش قانۇنلاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىي ئىشلەنگىلى تۇرغىلى نەكەم. ئاپتونوم رايونىمىزدا تارىم يولۋىسىنى ئىزدەش قىزغىنلىقى كۆتىرىلگەن چاغلاردا يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر دېھقان بىلمەستىن بىر ياۋا مۈشۈكنى تارىم يولۋىسى دەپ تونۇۋالغان. بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئۇ دېھقاننىڭ تونۇۋالغىنىنىڭ تارىم يولۋىسى ئەمەس، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان يەنە بىر قىممەتلىك ياۋايى ھايۋان - ياۋا مۈشۈك ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەن. دېھقانغا بۇندىن كېيىن ياۋايى ھايۋانلارنى بىسوراق تۇتماسلىقنى ئاگاھلاندۇرغان. ئاندىن ئۇلار ھېلىقى ياۋا مۈشۈكنى چەت ئەلدىن خىزمەت زىيارىتىگە كەلگەن رەئىس جۇمھۇرنى ئۇزاتقاندەك كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ جاڭگالغا - ئۆز ئەرك ماكانىغا ئۇزىتىپ قويغان («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 3-سانىغا قاراڭ).

خوش، ياۋايى ھايۋانلار، قۇشلار، ھاشارەتلەر... شۇ دەرىجىدە ئىگە بولۇنۇپ قوغدىلىۋاتقان يەردە، دۇنيانىڭ، دۇنيادىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز مەخلۇقاتلارنىڭ خوجايىنى قىلىپ يارىتىلىپ، ئەرشتىكى شەيتان لەئىندىن باشقا بارلىق پەرىشتىلەر سەجدە قىلغان ئادەمنىڭ، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاللا ياراتقانچە ساپ ھەم پاك بولغان، ئەڭ كۆپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ھالال نېمىتى بىلەن مىننەتسىز بېقىۋاتقان دېھقاننىڭ ئىگىسىز بوپقېلىشى قانداق گەپ؟

بىز ھازىر يەرشارى كىچىكلەپ (بۇ مەنىۋى جەھەتتىكى كىچىكلەش) بىر كەنتكە ئايلانغان، كونىلار ئېيتقاندەك «كۈن چىقىشتا بىر توخۇمنى قويسا، كۈن پېتىشتا كۆرۈنىدىغان» بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ئۇچۇقراق چۈشەندۈرگەندە، بىز بۈگۈن ئەتىگەن ئامېرىكىدا بىرەر ئۆزگىرىش بولسا كەچكىچە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇۋاتىمىز. بۈگۈن ئەنگلىيىدە بىر يېڭىلىق مەيدانغا كەلسە ئەتىسىلا ئۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىۋاتىمىز. بىراق بىزنىڭ ئارىمىزدا تېخى كاتىنىڭ ئاستىدىكى چاپاق كۆز ئاسلاندەك جاھان مۇشۇنداق قاراڭغۇ دەپ يۈرۈۋاتقان، دۇنيانى قۇدۇق ئاستىدىن چىقمىغان پاقىدەك چۈشىنىدىغان «ئاقىللار» خېلى بار. دۇنيانىڭ خىرىس ۋە رىقابەتكە تولغان شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئۇلارنىڭ سەزگۈسىگە جۈرسىنىڭ خورەك ئاۋازىچىلىكمۇ تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئۇۋىسىنىڭ، ئۆز قۇدۇقىنىڭ غېمىنىلا يەيدۇكى، قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ، قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ غېمىنى ئەسلا يېمەيدۇ ھەم بۇنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بۇ ئۇلار (بىر قىسىم يولباشچى سەركىلەر) دىكى غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ ئىپادىسى.

مەن گاھىدا ئاشۇ يولباشچى سەركىلەر بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئانا-باللار مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپمۇ قالىمەن. ئانىلار باللىرىنى ئۆزى ئاچ قالسىمۇ ئاغزىدا نان چايناپ يېگۈزۈپ، ھەقىقىي ئانا سۈتى چىقىدىغان ئەمچىكىنى ئېمىتىپ، قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئاپتاپتىن ساقلاپ، ھەرخىل خەۋپ-خەتەرلەردىن قوغداپ باقىدۇ. لېكىن ھازىرقى بۇ «ئانا»لارشۇنداق تەتۈر بوپكەتتىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى دەپ باللىرى بىلەن چاتىقى يوق. «بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالمايدۇ» دېگەن گەپ بار ئىدى. ھازىرقى بەزى ئانىلار باللىرى يىغلاپ - قاقشاۋاتسىمۇ ئەمچەك تۇگۈل ئېمىزگىمۇ سالماس بولۇۋالدى. بۇھال ئانا-باللار ئوتتۇرىسىدا ياتلىشىش، ئىگىسىزلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە. ئۇيقۇدىكى ئانا ئۆزىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسى بىلەن، ئۇيقۇسىدىكى ساماۋى چۈشلىرى بىلەن بەنت بولغاچقا بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. «ئۇيقۇمۇ يۇقۇملۇق كېسەل» دېگەن گەپ بار. «ئانا»لاردىكى بۇيۇقۇملۇق كېسەل سەگەكلەرگە ۋە بارا-بارا ھەممىمىزگە يۇقمىغىيدى. ئۇلارمۇ كېسەلدىن ساقىيىپ باللىرىغا ئىگە بوپكەتكىيدى، ئىلاھىم!

2003-يىل 10-ئىيۇن، سەھرايى كاتتايايلاق

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھرى كاتتايايلاق يېزا قۇدۇق كەنتىدىن، دېھقان (M1)

# ئىچىم ئاغرىيدۇ



روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىلىمدە سىنىپىمدىكى 33نەپەر ئوقۇغۇچىدىن كىچىكلەپ قانداق ئادەم بولۇش ئارزۇسىنى سورىغىنىمدا ھەممىسى شائىر، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ئۇچقۇچى، ئارتىس، ناخشىچى. . .بولۇشتەك ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بەس-بەستە ئېيتىشقانىدى. ھايت-ھۇيت دەپ بولغۇچە بۇ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ تولۇقسىزنى پۈتتۈرگىنىگىمۇ بەش يىل بولاي دەپتۇ. ئەمدى قارىسام، تۆت-بەش يىل ئىچىدىلا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلغىنى بىلەن ئۆزگىرىش ئاز ئەمەسكەن. ئۆز ۋاقتىدىكى ئوماق، جۇشقۇن قىز ئوقۇغۇچىلىرىم ھازىر بىردىن بالىنى كۆتۈرۈپ ئىچىرلىقتىن كىرمەي ئاپتاپ چىقىپ، شامال ئۇرۇپ خۇددى قاتمال ئاياللاردەكلا بوپقاپتۇ. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرىم بولسا بىردىن كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئۆستەڭ بويلىرىدا،ھاشار مەيدانلىرىدا، جاڭگاللاردا تولا تۇنەپ كۆزلىرىنىڭ نۇرى قېچىپ، چىرايلىرى قارىداپ،پۇت-قوللىرى چاك-چاك يېرىلىپ تونۇغۇسىز ھالغا كەپقاپتۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تىككۈچىلىك،گىلەمچىلىك،ياغاچچىلىق رېمونتچىلىق،ساتىراشلىق. . .دېگەندەك ھۈنەرلەرگە شاگىرتلىققا كىرىپ باققان بولسىمۇ بىرىمۇ بىر باشقا ئاچىقالماپتۇ. چۈنكى ئۇلار، يېشى ئونبەشلەردىن ئېشىپ قولى ئىشقا تېگىپ قالغان چاغدا ئاتا-ئانىسىنىڭ چېكىۋاتقان جەبىر-جاپالىرىنى تەڭ تارتىشتەك پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئويلاپ قېلىشقان. نەتىجىدە ئاتىسى ھاشارغا ئىشلەۋاتسا،ئوتۇنغا مېڭىۋاتسا، ئېتىزلاردا تەرلەپ-پىشىۋاتسا ئوغۇل بولغۇچى زېھنىنى ھۈنەرگە بېرەلمىگەن.شۇڭا ھۈنەرنى تاشلاپ يېنىپ كېلىپ كەتمەننى قولىغا ئالغان. قىز بولغۇچىمۇ ئانىسىنىڭ قولىغا قول،پۇتىغا پۇت بولۇپ بىرمەزگىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاستا كەلگەن لايىق بىلەن توي قىلىۋالغان. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنى فىزىكىنى ياخشى ئۆگەنمىسەڭ، گېئومېتىرىيىنى ياخشى ئۆگەنمىسەڭ،خىمىيىنى ياخشى ئۆگەنمىسەڭ. . .ھەرگىز ياخشى كۈن كۆرەلمەيسەن دەپ غەزەپلىك بېسىمغا ئالغان،تالاي قېتىم كىتاب-دەپتەرلەر بىلەن باشلىرىغا ئۇرۇۋەتكەندۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ياخشى ئۆگەنگەنلەرمۇ،ئۆگەنمىگەنلەرمۇ ئوخشاشلا ساۋاتسىز،چالا ساۋات ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

نەچچە كۈن ئىلگىرى،دەرستە خېلىلا ياخشى بىر ئوقۇغۇچىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم:

– مۇئەللىم، – گەرچە ھازىر ئوقۇتقۇچى بولمىسامۇ ئۇلار يەنىلا مېنى مۇئەللىم دەيتتى، – ئەمدى ئويلاپ باقسام بىز تولۇقسىزدا ئوقۇيمىز دەپ ئۆمرىمىزدىكى ئەڭ ھالقىلىق ئۈچ يىلنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمىز.چۈنكى تولۇقسىزغا چىققاندىن كېيىن ئۆگىنىش ئىككىنچى ئورۇندا، پۇل تېپىش ئاساس بولۇدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا دېگەندە مائارىپمۇ ئاشۇ يېزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا بولۇدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلماي ھېلى سۇ تۇتۇشقا ماڭىدىكەن، ھېلى كەنت مۇدىرىغا كاتىپ بولۇپ خەت يازىدىكەن،ئىشقىلىپ بىرنەچچە يەنلەر ئۆتۈلمەي چالا قالسىمۇ،يىللىق ئىمتىھاندىن ئۆتسىمۇ،ئۆتمىسىمۇ بولۇۋېرىدىكەن.ئويلاپ باقسىلا، 1996-يىلىدىن ھازىرغىچە مۇشۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغانلار نەچچە يۈزگە يېتىدۇ.ئەمما، بىرەر ئوقۇغۇچى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان بىرەر ئالىي مەكتەپكە بارالىدىمۇ؟ ئارزۇسىغا يېتەلىدىمۇ؟ئەجەبا بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟

راست، بىز ئوقۇپ بىلىم ئېلىۋالدۇق.لېكىن ئالغان بىلىمىمىزنى نەگە ئىشلىتەلىدۇق؟ بىئولوگىيىنى ئۆگەنمەيمۇ بۇغداي-قوناق تېرىغىلى بولۇدىكەن. گېئومېتىرىيىنى بىلمەيمۇ يەرنىڭ

قىرنى سالغىلى، رەتلەپ زىرائەت تېرىغىلى بولىدىكەن. فىزىكىنى ئۆگەنمەي كەتمەن چاپقىلى، خىمىيىنى ئۆگەنمەيمۇ يەرنى ئوغۇتلىغىلى بولىدىكەن. ئەدەبىياتنى قارىمىچىلاپ يادقا ئالمايمۇ ياخشى-ياماننى ئويلىغىلى، گەپ-سۆزنى باشقىلار چۈشەنگۈدەك قىلغىلى بولىدىكەن. بۇ مېنىڭ ئوقۇماسلىق كېرەك دېگىنىم ئەمەس. ئوقۇش كېرەك. ئەمما ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭنى سەرپ قىلىپ ئوقۇغىنىڭنىڭ سەن ئۈچۈن مەلۇم پايدىسى بولۇشى كېرەك. ھازىرقى شارائىتتا باشلانغۇچ مائارىپ ۋەزىپىسىنى خېلى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىماقتا. ئەمما تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر بالىلارنى مەكتەپكە ئالغاندىن كېيىن ئۆز رولىنى تازا ياخشى جارى قىلدۇرالمىدى. قارىسىلا، ھازىر ئۆگەنگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى پاك-پاكىزە يەپ بولدۇق، پەقەت ساۋاتلىق دېھقانلا بولالىدۇق، خالاس. تىجارەت قىلايلى دېسەك نەدە بىزگە دەسمايە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تىيىننىڭ كەينىدە ئون ئادەم چېپىپ يۈرۈيدۇ. يا مەكتەپتە ئوقۇدۇق دەپ بىرەر ھۈنەرمۇ ئۆگىنەلمەپتۇق. سەھرا دېگەن شۇنداق يەركەن، 17 ـ 18لەرگە كىرسەك ئاتا-ئانىمىز ئۆيلەپ قويۇشقا ئالدىرايدىكەن. مانا، يىگىرمىگە كىرە-كىرمەيلا ھېچبىر ھۈنەرنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپلا بىر بالىغا دادا، بىر ئۆيگە باش بوپقالدۇق. ئەمدى بىزگە ئۆمۈر بويى دېھقانچىلىق قىلماقتىن باشقا چارە بارمۇ زادى؟

ئۇ بىردىنلا دېھقاننىڭ تارتىدىغان جەبىر-جاپاسىنى، ناھەقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى ماڭىمۇ ئايدىڭ ئىشلار ئىدى. چۈنكى، مەنمۇ ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن تەڭ مەكتەپتىن قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىپ جان ساقلاۋاتاتتىم. گەرچە ئۆز ۋاقتىدىكى خېلىلا مېڭىسى ئۆتكۈر بۇ ئوقۇغۇچىمنىڭ مەكتەپ، دەرس توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىرتەرەپلىمىلىككە ۋە قېيداش، رەنجىشكە تولغان بولسىمۇ دېھقاننىڭ دەردى توغرىلىق ۋايساشلىرى ئەمەلىيەت ئىدى.

شۇنداق. ئۆز ۋاقتىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى «دېھقان بولىمەن» دەپ باقمىغانىدى. ھەتتا ئۇنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى. ئەپسۇس، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېھقان بوپكەتتى. دېمىسىمۇ دۇنيادا دېھقان بولۇشنى خالايدىغان، ئارزۇلايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەمما، ۋاقتى كەلگەندە بولماي ئىلاجىڭ يوق. يا پۇلۇڭ بولمىسا، يا ھۈنىرىڭ بولمىسا يەر تېرىماي جان ساقلىغىلى بولامتىمۇ؟ شۇڭا دېھقان بوپقالىسەن، ئەمما دېھقان بولدۇڭمۇ ئەڭ ئېغىر جاپاغا قالغىنىڭ شۇ. تاپقىنىڭ ئالۋاڭ-سېلىق، گېلىڭدىن ئاشمايدۇ. يۈرەكلىك ئون يۈەن خەجلىيەلمەيسەن. بۇقسىماقتىن قۇتۇلساڭ ئاۋۇ قاپقاننى دەسسىمەي ئامالىڭ يوق. پالانى كادىرنىڭ ئورمىسىنى ئور دېسە غىڭ قىلماي مېڭىشىڭ كېرەك. پالانى كادىرنىڭ يېرىنى تېرىپ بەر دېسە «لەببەي» دەپ مېڭىشىڭ كېرەك. مۇنداق پۇل كەلدى تۆلە دېسە، نېمە پۇلكەن دەپ سورىماي تۆلىشىڭ كېرەك.

شۇنداق. دېھقان بولساڭ، ئەقەللىيسى ئاشۇ ئۆزۈڭ تېرىۋاتقان يەرلەرنىمۇ ئۆزۈڭ خالاپ زىرائەت تېرىشتىن مەھرۇم بولىسەن. مانچىلىك يەرگە كېۋەز تېرىيسەن دەيدۇ، تېرىشىڭ كېرەك. پاختا ساتقاندا شەخسلەر ھەر كىلوسىنى تۆت يۈەندىن ئالسا، ھېلىقى پاختا زاۋۇتلىرى ئۈچ يۈەن، شەخسكە ساتساڭ جەرىمانە تۆلەيسەن. پىلىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مانچە مو يەرگە مانچە كىلوگىرام سورتلۇق قوناق ياكى بۇغداي تېرىيسەن دەيدۇ. ئەگەر شۇ ماركىلىقنى تېرىماي باشقا ماركىلىقنى تېرىساڭ ھېلىقى «سورتلۇق ئۇرۇقلۇق» مەجبۇرىي ھويلاڭغا تاشلىنىۋېتىلىپ، پۇلى ئۇندۇرۇۋېلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، باشلىق ئولتۇرۇپ سېنى توپا چاڭغا كۆمۈپ كۈندە ئۇيان-بۇيان ئۆتۈۋاتقان ماشىنىنىڭ چىقىمى ئۈچۈن مانچە پۇل تاپشۇرۇشۇڭ، بىرنەچچە ئون ئائىلە بار كەنتتىكى ئاساسلىق كادىرلاردىن باشقا ئامانلىق قوغداش مەسئۇلى، تەشۋىقات مەسئۇلى، پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلى، ئاياللار مەسئۇلى ۋە كەنت تازىلىق ئىشچىسىدەك «كەنت ئەۋلىيالىرى»نىڭ ھاشىرىنى چېپىشىڭ، ئايلىق ئىش ھەققىنى بېرىشىڭ كېرەك. قىسقىسى، دېھقان بولغۇچىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەلدار-ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىدا «خوش» دېيىشتىن باشقا ئەركىنلىكى بولمايدۇ.

قايسىدۇر بىر دانىشمەن «دېھقىنى يوق مىللەت كەلگۈسى غۇۋا مىللەتتۇر» دېسە، يەنە بىر پەيلاسوپ «يەرشارىدا دېھقان بولمىغان بولسا، دۇنيانىڭ بۈگۈنى بولمىغان بولاتتى» دېگەنىكەن. ئەپسۇس، ئاشۇ ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى باغلاپ تۇرۇۋاتقان، دۇنيانىڭ بۈگۈننى ياراتقان دېھقاننىڭ بۈگۈنكى ھالىتىگە بىر قاراپ باقايلىچۇ! ئاشلىققا ئۆزى ئىشلەپ، چارۋىنى ئۆزى بېقىپ يەنە تويغىدەك، تېتىغۇدەك بىر ۋاق تاماق يېيەلمەيۋاتقان دېھقانلار ئازمۇ؟ كېۋەزنى ئۆزى تېرىپ، پىلىنى ئۆزى بېقىپ ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ ئاشۇ پاختا-پىلىدىن ئىشلەنگەن كىيىملەرنى كىيىشكە قۇربى يەتمەي، پەقەت نەپسىدىن قالغاندا ئاندىن ياماق چۈشمىگەن رەختنى بەدىنىگە ئارتىش نېسىپ بولىدىغان دېھقانلار ئازمۇ؟ چېكى يوق ئالۋاڭ-سېلىق دەستىدىن كىگىز-كۆرپىلىرىنى پۇلغا ھېسابلاپ بېرىپ داق سۇپىنى سېلىنچا، ئۆگزىسىنى يېپىنچا قىلىپ يېتىۋاتقان دېھقانلار ئازمۇ؟

شۇنداق. ئۆمۈر بويى دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن ئاتا-ئانامنى ئويلىسام ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۆزۈمگە ئوخشاش دېھقانلارنى ئويلىسام ئىچىم ئاغرىيدۇ. دېھقان بوپكەتكەن ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئويلىسام ئىچىم ئاغرىيدۇ.

2003-يىل ئىيۇن، قاراقاش - تۈزلۇقئوتاق
رەسسام: ئوسمانجان ئابلىز

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە تۈزلۇقئوتاق يېزىسىدا، دېھقان(M2)

# دېھقان شۇنداق دەيدۇ

مايسا



دېھقان دېگەن ئاجايىپ ياۋاش . پۈتكۈل ئىنسانلار ئىچىدە دېھقاندەك رايىش ، مۆلايىم ئىنسان تېپىلماسلىقى مۇمكىن . دېھقان ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ ، ئازابلانسىمۇ ،خورلۇققا ئۇچرىسىمۇ خۇدادىن خورلىغۇچىغا ، ئازابلىغۇچىغا ئىنساب تىلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ ، ھەرگىزمۇ ئەرز قىلىشقا ، قارشى چىقىشقا ئۇرۇنمايدۇ . چۈنكى دېھقانغا كېرىكى ئاشۇ ئىنسابسىز رەھبەرنىڭ جەرىمانە تۆلەش ،تۈرمىگە كىرىش ئارقىلىق جازالىنىشى ئەمەس بەلكى دېھقانغا كۆيۈدىغان ، دېھقاننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ، ئىنسان سۈپەت ھالەتكە قايتىشى (مەرھۇم شائىرىمىز روزى سايىتمۇ دېھقان ئوغلى بولغاچقا دېھقاننىڭ ئاقكۆڭۈل ، ساددا ،سەمىمىي ،سەۋرچان ،رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى .شۇڭا ئۇ بىرەر رەھبەر ئۈستىدىن ۋايساپ ياكى ئەرز قىلغان ئەمەس . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن «دېھقان بولماق تەس»تە خەلقى ئالەمگە دېھقاننىڭ جاپاسىنى بىلدۈرگەن بولسا ، «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش»تا ئىشنىڭ كۆپلىكىدىن دېھقاننىڭ ئارام ئالغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ؛ «تۆلىمەڭلار جەرىمانىنى»دا دېھقانلارغا قايسى خىل جەرىمانىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ؛ «دېھقان ئاتا»دا دېھقاننى ھۆرمەت-لەش-ئۇلۇغلاش كېرەكلىكىنى سۆزلىگەن بولسا ، «دېھقان كۈلكىسى»ئارقىلىق دېھقان كۈلمىسە پۈتكۈل ئاۋامنىڭ ،ۋەتەننىڭ ،دۇنيانىڭ كۈلەلمەيدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن ) . ئەمما بەزى رەھبەرلىرىمىز بۇنى چۈشەنمىدى ، ئۆزىنىڭ چەت ئەللىك ياكى باشقا يۇرتلۇق زومىگەر بولماستىن شۇ يۇرتتا تۇغۇلغان ، ئاشۇ دېھقانلارنىڭ تۇزىنى يېگەن ، دېھقانلار سايلىغان (گەرچە سايلام نامزاتلىرى ئالدىن بەلگىلەنسىمۇ ) رەھبەر ،دېھقان ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويمىدى . بەلكى پات-پاتلا : «〈سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ〉 دېگەننى ئۇنۇتماڭلار . يۇقىرىدىن كەلگەنلەر كېتىدۇ ، يەنىلا

www.uyghurkitap.com

بىز قالىمىز، سىلەرنى باشقۇرۇپ بىللە ياشايمىز» دەپ دېھقانلارغا ئەسكەرتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. شۇڭلاشقىمىكىن «بىر كۆڭلۈك باي» بولغان دېھقان يۇقىرىدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن رەھبەرگە: «بۇ مال-چارۋىلار، سافا-شىرەلەر، تېلېۋىزور-سىند-قويغۇلار مېنىڭ ئەمەس. رەھبەرلىرىمىز يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ئەكىرىپ قويۇشتى» دېمەيدۇ (پايدىسى: باي بولغان ھالىتىنى بىر قېتىم تېلېۋىزوردىن كۆرۈۋالدۇ). ئۇلار شۇنچە زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ كەنت رەھبەرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلمايدۇ. قىلغان تەقدىردىمۇ «كۆندۈزى سۆزلىسەڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى سۆزلىسەڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن تەمسىلنى ئالاھىدە ئەسلەپ تۇرۇپ قىلىشىدۇ. بۇ، دېھقانلارنىڭ جۈرئەتسىزلىكى، قورقۇنچاقلىقىمۇ؟... ياق! بۇ، دېھقانلارنىڭ «ئېچىلىش-سايراش» ۋە بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئاچچىق-ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن، خۇبېي ئۆلكىسى جيەنلى ناھىيىسى چېپەن يېزىلىق پارتكومىنىڭ سابىق سېكرېتارى لى چاڭپىڭغا ئوخشاش دېھقانلار ئۈچۈن ھەق سۆزلەپ (باش مۇھەررىردىن) «خاتا»لىشىپ قېلىشىدىن ساقلانغانلىقىدىن. خۇدامۇ ئېيتقان: «ئۆز-ئۆزۈڭلارنى زورىغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەڭلار... كۈچۈڭلار يەتمىسە لەنەت ئوقۇڭلار...» دەپ.

دېھقانلارمۇ راست سۆزلەشنى خالايدۇ. نائىنساب رەھبەرلەرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشنى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشنى خالىمىسىمۇ تىلىكىدىكىدەك ئىنسابلىق، دېھقانلارنى چۈشىنىدىغان رەھبەرلەرنىڭ بولۇشىنى خالايدۇ. ئەمما دېھقاننىڭ دەردىنى سۆزلەيدىغان، توغرىراقى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق. ئاڭلىسىمۇ ياردەم بېرەلەيدىغىنى يوق. ئامال قانچە؟ دېھقانلىرىمىز ئاتاقلىق يازغۇچىمىز مۇھەممەت باغراش ئەپەندىنىڭ «جەننەت بېلىتى» ناملىق ھېكايىسىدىكى پېرسوناژ مۆڭتۈرەككە ئوخشاش دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بارلىق ئىشلىرىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ كەلگەن (جەننەت بېلىتىگە ئېرىشەلمىسەمۇ). «خۇدا ھەرۋاقىت بەندىسى غېمىدە» دەپ خۇدانىڭ دېھقانلارغا رەھمىسى كەلدىمۇ، يېڭى ئەسىر دەرۋازىسى ئېچىلاي دېگەندە شائىرىمىز روزى سايىتنى بەرگەنىدى. شائىرىمىز روزى سايىت دېھقانلارنىڭ دەردىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقان. رەھبەرلەرمۇ دېھقانلارغا چېقىلىپ قويۇشتىن خېلىلا ھەزەر ئەيلەيدىغان بولغان. دېھقانلىرىمىز «جەننەت بېلىتى»دىكى يەنە بىر پېرسوناژ مۆڭتۈرەكتىن نەچچە ھەسسە شادلانغانىدى. ئەپسۇس! شائىرىمىز روزى سايىت (ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن) بىزدىن ۋاقىتسىزلا ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا كەلدى.

دېھقانلىرىمىز ئۈمىد يۇلتۇزىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆچكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇردى، ئېغىر غەم-قايغۇغا چۆمدى. دەرۋەقە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تىلىكى يەردە قالمايدىكەن. مانا بۈگۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «دېھقان نېمە دەيدۇ؟» سەھىپىسى ئېچىلىپتۇ. خۇشال بولدۇم، يۈرىكىم چەكسىز شادلىققا چۆمدى. دېھقانلار ئۈچۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتتىم. بىراق، «سېنىڭ دەردىڭدىن مېنىڭ دەردىم يامان» دېگەندەك يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇقنىڭ «دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان) ماۋزۇلۇق ئەسىرىدە يېزىلغان «بىزنىڭ 30نەچچە ئۆيلۈك مەھەللىمىزدە دېھقانلاردىنلا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىغا پۈتۈن يىللىق مۇشتەرى بولغانلار ئالتىگە يەتتى» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ تېخىمۇ ھەسرەتلەندىم. (بۇ ھەسەت قىلغانلىق ئەمەس) بىزنىڭ 400ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىسى بولغان چوڭ بىر كەنتىمىزدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مەندىن باشقا بىرمۇ ئادەم يوق. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇسۇن دېگەن بىلەنمۇ بەربىر ئوقۇمايدىكەن. چۈنكى بىرەر ئەسەرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇش ئۈچۈن شۇ ئەسەرنى چۈشەنگۈدەك سەۋىيە بولۇشى كېرەك. سەۋىيىسى تۆۋەن ئادەمگە ئەسەرنى ھەرقانچە تاڭسىمۇ ئازراق ئوقۇپلا تاشلاپ قويىدىكەن. كەنتىمىزدىكى دېھقانداشلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇتۇش تەسكە چۈشتى. دېھقانلىرىمىز «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى»نى تاماملىدى دېگەن بىلەن، يېزىمىزدىكى ئىشلار ئابدۇراخمان ئەزىزنىڭ «ئەل قاتارى پاراڭلار» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىللىق 2-سان) ناملىق ئەسىرىدە دېيىلگەندەك بولغاچقا «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش» بولۇپ، دېھقانلار بالىلىرىنى ئېتىز ئىشلىرىغا سېلىپ، مەكتەپكە تولۇق بېرەلمەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ تەس. ھەركۈنى كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئائىلە سۆھبىتى ئېلىپ بارىدۇ. بىرەر ئوقۇغۇچىغا سەللا قوپاللىق قىلىپ سالسا ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن قاچىدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قاچسا ئوقۇتقۇچى جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ. كىمنىڭمۇ يوق يەردىن جەرىمانە تۆلىگۈسى بار دەيسىز!؟ ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى ئالداپ ئاران تەسلىكتە مەكتەپكە ئاپىرىدۇ. تېخىمۇ مەكتەپكە بارمىغانلارغا نامراتلار ئۈچۈن بېرىلگەن «ھەقسىز دەرسلىك»نى تارقىتىپ بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈستىدىكى بېسىم ئېغىر بولغاچقا ئۆتكەن دەرسى دەرسلىك كىتابلاردىن

www.uyghurkitap.com

ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى تۆۋەن. ھازىرغىچە «مەجبۇرىيەت مائارىپى»دىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدۇق. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ،مەكتەپلەرنىڭ تەلەپ قىلمىدىغىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە تولۇق كېلىشى ،ئىمتىھان نەتىجىسى 60پىرسەنتتىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى ، توققۇز يىلنى تۈگىتىپ دىپلوم ئېلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان نۇرغۇن ستۇدېنتلارنىڭمۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان ئاكا-ئۇكا «ھۈسەينىيە مەكتىپى »دە ئۈچ-تۆت يىل ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارچىلىك ، 1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق )ئالتە ئاي تەربىيىلىگەن ئوقۇتقۇچىلارچىلىك بىلىمى يوق. ھازىرقى مائارىپىمىز پۈتۈنلەي بىر شەكىل بوپقالغان تۇرسا ، ئېتىزدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتقان دېھقانلارنىڭ سەۋىيىسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ ؟ بۇ ئىشلارنىڭ يىلتىزى يەنىلا شۇ نامراتلىق بىلەن چىرىكلىك. تونۇلغان ئوبزورچىمىز يالقۇن روزى «ئۇنتۇلغان ئەڭگۈشتەر - تەۋپىق روھى» («شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى 1997-يىل 4-سان )سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا «قىيامەتنىڭ پىلتىسى مائارىپتا»دەپ توغرا ئېيتقان .بىراق ، قىيامەتنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقماسلىق ئۈچۈن مائارىپنى ياخشىلاش ،مائارىپنى ياخشىلاش ئۈچۈن نامراتلىق بىلەن چىرىكلىكنى تۈگىتىش كېرەك. مەنمۇ نامراتلىقنىڭ دەردىنى خېلىلا تارتتىم ،چىرىكلەشكەنلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدىم .نامراتلىق تۈپەيلى ئۆگەنگەن كەسپىمنى ئۆز ئالدىمغا قىلالمايۋاتىمەن. ئۆگەنگەن كەسپىم زەرگەرلىك بولسىمۇ مەن يەنىلا دېھقان. دېھقانلارنىڭ دەرد-پىغانلىرىنى تولۇق بىلىمەن. بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇۋېلىش خائىنىنىڭ ئىشى .شۇڭا نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان دېھقانداشلىرىمنىڭ زەررىچىلىك بولسىمۇ دەردىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىپ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدا ،چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا بىر كىشىلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلالىسام ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىد بىلەن تىلىمنىڭ چولتىلىقىغا باقماي دەرد-ھەسرەتكە تولغان بۇ ئەسىرىمنى يېزىشقا كىرىشتىم. گەپنى قىسقارتىش ئۈچۈن يېقىن ئارىلىقتىن سۆزلەي .بۇلتۇر يۇرتىمىزدا مۇنداق بىر ئىش بولدى. XX ناھىيىسىنىڭ XX يېزىسىدا «تەيۋەنلىك سودىگەر بىلەن قىزىلگۈل كۆپەيتىش - سېتىۋېلىش توغرىسىدا توختام تۈزدۇق» دەپ ئېتىزلارغا چوڭەك ئاچقۇزۇپ ،ئۇرۇق پۇلى ئۈچۈن بىرمو يەرگە 50يۈەندىن پۇل يىغدى. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرى بىر ياز ئاق قالدى. قىزىلگۈل ئۇرۇقىمۇ يوق ،50يۈەندىن تۆلىگەن پۇلىمۇ يوق. ئاڭلىشىمچە تەيۋەنلىك سودىگەر «غايىب» بوپتۇدەك. يۇرتىمىزنىڭ يەنە بىر يېزىسىدا ھەربىر

مەھەللىدە بىردىن سالا ئېتىز (150- 180مو ، 125000كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا )غا زاراڭزا ئۇرۇقىنى قىممەت باھادا مەجبۇرىي سېتىپ بېرىپ تېرىتقۇزدى. نەتىجىدە ھەرموسىدىن نەچچە كىلوگراممۇ ھوسۇل چىقماي دېھقانلار زور زىيان تارتتى .يەنە بىر ناھىيىدە ئىنەكپىتى ئۇرۇقىنى قىممەت باھادا سېتىۋالىمىز دەپ تېرىتقۇزۇپ ، ئېتىزلارنى ئىنەكپىتىگە توشقۇزۇۋەتكەن. نەتىجىدە يىغىلغان ھوسۇلنى سېتىۋېلىشقا ئادەم يوق ،دېھقانلار زور زىيان تارتقان .يەنە بىر ناھىيىدە «سورتلۇق مۇچ ئۇرۇقى»دەپ قىزىل ،كۆك مۇچ ئۇرۇقىنى قىممەت باھادا سېتىپ بېرىپ تېرىتقۇزغان .نەتىجىدە يەنىلا دېھقانلار زىيان تارتىپ ،سۇپۇلى يىغقىلى كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا مۇچلارنى تۆكمەقىلمۇەتكەن . . . بۇ ئىشلارغا كىم جاۋابكار ؟ ئەسلى بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان رەھبەر قائىدە بويىچە ئىستىپا سورىشى كېرەك ئىدى .ئەمما ئۇنداق بولمىدى ، بەلكى ئەسلىدىكىدىن ھەسسىلەپ ئۆستى. دېھقانلىرىمىز بۇ ئىشقا ئېغىز ئاچقىچە رەھبەرلىرىمىز :«بىز قىزىلگۈل ،زاراڭزا ،ئابدىمىلىك (ئىنەكپىتى ) ،مۇچ قاتارلىقلارنى تېرىپ زور زىيان تارتتۇق .بۇ ئىشلار بىزگە بىر ساۋاق بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ساۋاقنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك»دەپ ئۇلگۇردى. دېھقانلىرىمىز ئاجايىپ رەھىمدىل ،كەڭ قورساق بولغاچقا ،پاتمانلاپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسىمۇ ،يەنىلا رەھبەرلىرىمىزنى «كەچۈرۈم»قىلىۋەتتى .

ناھىيىمىزنىڭ يېرىمى قۇملۇق ، يېرىمى تاغلىق .يېزىمىزنىڭ يېرىمى قۇملۇق ،يېرىمى شورلۇق .ئەسلى قۇملۇق جايلاردا بالدۇر ،شورلۇق ، تاغلىق جايلاردا كېيىنرەك تېرىقچىلىق قىلىش كېرەك ئىدى. ئەمما رەھبەرلىرىمىز «يېزا ئىگىلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش» ، «تېرىقچىلىقنى بىرتۇتاش ئېلىپ بېرىش»نى كۆتۈرۈپ چىقتى. يېزا ئىگىلىك ، تېرىقچىلىق دېگەن تۇپراقنىڭ پەرزەنتلىرى ، پەرزەنتنىڭ قانداق بولۇشى ئاتا-ئانىغا باغلىق .ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كىلومېتىر ئارىلىقنىڭ تۇپرىقى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان جايلار بار (بولۇپمۇ يېزىمىزدا شۇنداق ) .شۇڭا يېزا ئىگىلىك ،تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا تۇپراقنى ئاساس قىلىش كېرەك. «قېلىپلاشتۇرۇش ،بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىش»ياخشى ئىش ، بىراق يېزا ئىگىلىك دېگەن يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى ، رەخت توقۇش ئۇسكۈنىسى ياكى ئېلېكترونلۇق بۇيۇم ياساش زاۋۇتى . . .ئەمەس ؛ تېرىقچىلىق دېگەن ئوتتۇرا ،باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئىمتىھانى ياكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانى . . .ئەمەس. دەل ئاشۇ «قېلىپلاشتۇرۇش ، بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىش»نى يېزا ئىگىلىككە مەجبۇرىي تاڭغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەرىيلى قۇملۇق

جايلار بىلەن بەسلىشىپ شورلۇق ،تاغلىق جايلاردا بىر خىل زىرائەتنى ئىككى قېتىم تېرىۋاتىمىز ؛ شورلۇق جايلار بىلەن بەسلىشىپ زىرائەتلەر ۋاقتىدا سۇغۇرۇلمىغاچقا چېچەك ۋاقتىدا زىرائەتلەرنىڭ چېچىكى چۈشۈپ كېتىپ ،ئازمەھسۇلات ئېلىپ جىق مەلۇم قىلىشتەك «رېكورت»نى يارىتىپ كېلىۋاتىمىز . بولۇپمۇ بۇيىلقى كېۋەز تېرىشتا قايسى «پوق يېگەن»نىڭ ئەقلى بىلەن بولدىكىن ؟تاپ ئارىلىقى 20 ـ 20، 50 ـ 60سانتىمىتېر بولدۇ ، توپ ئارىلىقى 7.5 ـ 9سانتىمېتىر (ئەسلى 12 ـ 15سانتىمېتىر بولاتتى )بولىدۇ ، دەپ تاناپ سېلىپ كېۋەز تېرىتقۇزدى . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ـ كېۋەزنى قويۇق تېرىپ ،دورا چېچىش ئارقىلىق مايسىنى پاكار ئۆستۇرۇپ ، بىر توپ كېۋەزدىن ئۈچ-تۆتتىن غوزا ئېلىش ئارقىلىق بىرمو يەردىن 100كىلوگرام چىگىتسىز پاختا ئالارمىش (توختام تۈزۈپمۇ بولدۇق ) .بىر غېرىچ ئارىلىققا ئىككى يەردىن تۆشۈك ئېچىپ ، ئىككى يەرگە ئۇرۇق سېلىپ ، ئىككى قېتىم كۆمۈپ ، نۇرغۇن پۇل يىغىپ دورا چېچىپ ، بىر توپ كېۋەزدىن ئۈچ-تۆت تال غوزا ئالغۇچە ئەسلىدىكىدەك بىريەرگە تۆشۈك ئېچىپ ، بىر قېتىم ئۇرۇق سېلىپ ، بىر قېتىم كۆمۈپ ، كېۋەزنى شاخلىتىش ئارقىلىق 20 ـ 30تالدىن غوزا ئېلىپ ،بىرموسىدىن 100 ـ 150كىلوگرامغىچە چىگىتسىز پاختا ئىشلەپچىقارساق كۆپ ئاسان بولاتتىغۇ !؟ ئىلگىرىمۇ شۇنداق قىلغاندۇققۇ !؟ ئەمما دېھقان بۇنداق دېيەلمىدى . كەنتىمىزدىكى بىر دېھقان شۇنداق دېگەنلىكى ئۈچۈن «رەھبەرلەرگە قارشى چىقتى» دەپ ، ساقچىخانىدا بىر كېچە سولاقتا ياتتى .

ئىلگىرىكى يىللاردا ئاپرېلنىڭ ئاخىرى كېۋەز مايسىسى 20سانتىمېتىردىن ئېشىپ ، هارام شاخلىرىنى پۇتايتتۇق . بۇيىل هاۋا سوغۇق بولغاچقا شورلۇق يەرلەرنىڭ مايسىلىرى تۈزۈك ئۆسمىدى . ئەمما رەھبەرلىرىمىز «نەق مەيدان يىغىنى»نى قۇملۇق جايدا ئېچىپ ، مايسا تاقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى . شۇ سەۋەبتىن خەنزۇ خەلق مەسىللىرىدىن «مايسىنى تارتىپ ئۆستۇرۇش» (باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكى )گە ئوخشاش توپىدىن چىقمىغان مايسىلارنى تاقلىدۇق . مەھەللە ،كەنت رەھبەرلىرى ھەتتا : «كېۋەز مايسىسىنى تاقلىمىسىڭىزمۇ مەيلى ، ئېتىزدىن چىقماي ئولتۇرۇڭ ! جەرىمانە تۆلەپ هاردۇق» دەپ دېھقانلارنى كېۋەزلىكتىن چىققىلى قويمىدى . بۇنىڭدىن باشقا بۇغداي ئارىلىقىغا قوناق تېرىشتا : «ئورۇقلۇق قوناق ئالامسىز-ئالمامسىز ، تېرامسىز-تېرىمامسىز ،بىرموغا تۆت كىلوگرام ، بىر كىلوگرامى 4.50يۈەندىن ئۇرۇق پۇلى تۆلىسىڭىز ئاندىن بۇغدايغا سۇ بېرىمىز» دەپ پۇل يىغدى . بۇنداق ئىشلارنى كۆپ هاللاردا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز . دەپ بېقىلىڭ ، بۇ كۈلكىلىكمۇ ، ئەمەسمۇ !؟

ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ قىرغىز دېھقان قېرىندىشىمىز ئابدۇراخمان ئەزىزنىڭ «ئەل قاتارى پاراڭلار» ( «شىنجاڭ مەدەنىيتى»ژۇرنىلى2003-يىل 2-سان ) ماۋزۇلۇق ئەسىرىدە : «قىزىق يېرى شۇكى ، ناھىيە ،يېزا ئەمەلدارلىرىدىن تورپاقغا خىزمەتتە تۇرۇپ چىنىقىشقا بېرىپ كەلگەن بىرسى يولدىن تارتىپ ئېتىز-ئېرىقنىڭ قىرلىرىغىچە ئۈزۈم سالدۇرسا ، ئارقىدىن كورلىغا بارغان يەنە بىرسى ئەمدىلا تۇتۇپ قولاق چىقارغان ئۈزۈملەرنى قومۇرتۇپ تاشلاپ «نەشپۈت بازىسى»قۇرغىسى كېلىدىكەن . نەشپۈتلەر ئەمدىلا كۆز قويغىدەك بولغاندا ،〈 پىلىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، دېھقانلارنى مەشۇت يوتقاندا ياتقۇزغىسى كەلگەن〉 بىرسى قوپۇپ ھەممە جايغا ئاق ئۈجمە قويدۇردى . دېھقانلار ئەمدىلا پىلە بېقىشنىڭ يوللىرىنى ئىگىلەپ بىرەرنەرسىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ، ئۆرۈك كۆچىتىنى سېلىش ئالۋىڭى يامراپ ئۈجمىلەر كېسىپ تاشلىنىپ ئوتۇنغا ئايلاندى .〈 ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ 〉 دېگەندەك ،سان-ساناقسىز سېلىنغان ئۆرۈكلەرنىڭ باھاسى بىراقلا چۈشۈپ بازار تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ ، دېھقانلارغا قالغىنى ھەممىلا يېرىنى يىلتىز چىرماپ كەتكەن ھوسۇلسىز ئېتىز بولدى . خۇددى〈 مايمۇن ئەمەلدار بولسا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان خەلقنى دەرەخكە چىقىشقا مەجبۇرلايدۇ〉 (ھەبىبۇللا مىجىت : «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ، «شىنجاڭ مەدەنىيتى»ژۇرنىلى 2002-يىل 1-سان ) ،دېگەندەك ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلماي ئىش تۇتۇشتەك بيۇروكراتلىق ،قارىغۇلارچە باشقۇرۇشلار-دىن دېھقانلار زادى نېمىنى قىلسا ياخشى بولۇدىغانلىقىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە گاڭگىراپ قېلىشتى»دېيىلگەندەك .ئۇ دەپ ئۆتكەن «XX بازىسى» بىزنىڭ مۇشۇ يېزىدىمۇ قۇرۇلغان . ھېلىمۇ ياخشى ھاكىمىمىز ۋە يېزىمىزنىڭ باشلىقى كېۋەز تېرىشتا «ئاگرونوم»ئۇنۋانى ئالغانلاردىن ئىكەن ،شۇڭا «پاختا بازىسى»بولدۇق . كىم بىلىدۇ ،ئەگەر بۇ ساھەدە ئوقۇمىغان باشلىقلارنىڭ قولىغا چۈشسەك باشقا بىرنېمە بازىسى بولامدۇق ـ تېخى !؟ شۇنداقتىمۇ ھازىرقى باشلىقلىرىمىزغا ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن . تەلىيىمىزگە ،بۈگۈنكىدەك ئوقۇغان كەسپى باشقا ، قىلغان خىزمىتى باشقا بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئاسترونومىيە ،ئارخېئولوگىيە كەسپى ئۆگەنگەنلەر رەھبەر بوپقالماپتۇ . شۇنداق بولغان بولسا ھالىمىز قانداق بولاتتىكىنتاڭ !؟

دېھقانلار ھەرىيلى زىيان تارتقاچقا قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى . بۇيىل ناھىيىمىزدە تارتقاتقان قەرز نەچچە مىليون يۈەنگە يېتىدۇ (ئۆسۈمسىز قەرزلەر بۇنىڭ سىرتىدا ) .ئەسلى دېھقانلىرىمىز قەرز ئالماي

www.uyghurkitap.com

دېھقانچىلىق قىلىشى كېرەك ئىدى . ئەمما ئۇنداق بولمىدى . مەجبۇريي تېڭىلغان قەرزلەر تۆپىلىي ئۈستى-ئۈستىلەپ قەرزگە بوغۇلدى . ئۇلارنىڭ ئايلىق مائاشى ياكى باشقا بىرەر تاپاۋىتى بولمىسا قەرزلەرنى نېمە بىلەن تۆلەيدۇ؟ بۇ بۇرۇنقىدەك «ئوتاق ، ياللانما »بولغاندىن نېمە پەرقى؟ . . .يېزىمىزدىكى بىر رەھبەر بىرنەچچەيلەن بار يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تويۇقسىزلا «يېزىدىكى دېھقانلاردىن ئۇدا بەش يىل سۇ پۇلى ، ھەرخىل باج دېگەندەك پۇللارنى كەچۈرۈم قىلغاندىلا ھازىرقى قەرزلەردىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن . ھازىرقى قەرزلەر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ »دەپ سالدى . بۇنىڭدىن ھازىرقى ئەھۋالنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس .

ئىلگىرى مۇنداق بىر پارچىنى ئاڭلىغانىدىم : ئالتۇن بىلەن تۆمۈر ئۇچرىشىپ قاپتۇ . ئالتۇن تۆمۈردىن :

– ھەي تۆمۈر ، ماڭا قارا . ئىنسانلار مېنى ئېزىپ قەغەزدەك قىلىسىمۇ قىلچە ۋايسىمايمەن . ئەمما سەن ئانچە ئېزىلمىسەڭمۇ ۋارقىراپ-جارقىراپ ئالەمنى بېشىڭغا كىيىسەن . نېمانداق چىدىماس نېمىسەن؟ – دەپ سوراپتۇ .

تۆمۈر ئالتۇنغا قاراپ :

– ئالتۇن ، ساڭا ئازار بېرىدىغانلار ئالتۇن ئەمەس .مېنىڭ بولسا ئاستىممۇ تۆمۈر ،ئۈستۈممۇ تۆمۈر . دائىم ئۆز يېقىنلىرىمدىن ئازار يەيمەن . شۇڭا ئازابقا چىدىماي ۋارقىراپ سالدىم ، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

دېھقانلارنىڭ دەردى ئىچىگە پاتمىغاندا «دېھقانلار قوزغىلىڭى »چىقىدۇ . ھازىر دېھقانلارنىڭ ئىلگىرىكى دەردلىرىگە داۋا تېپىلماي تۇرۇپ بىر دەردكە ئىككى دەرد قوشۇلۇپ مېڭىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلىرىمىزنىڭ دىلى دائىم ئۆز يېقىنلىرىدىن ، ئۆزىنىڭ تۇزىنى يېگەن بەزى رەھبەرلەردىن ئازار يەيدۇ . بۇنىڭغا كىم سەۋەبچى؟ . . .

رەھبەرلىرىمىز خىزمەت قىلمايدۇ ئەمەس قىلىدۇ ، پەقەت ئۆز خاھىشى بويىچىلا خىزمەت قىلىدۇ . «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» پرىنسىپىنى ئېغىزدىلا سۆزلەپ ئەمەلىيەتتە قىلمايدۇ . ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بەرمەيدۇ . تۆۋەندىن يۇقىرىغا يوللانغان دوكلاتلارنى قەدەممۇ قەدەم سەمرىتىپ ، بورداپ ماڭىدۇ . يۇقىرىدىن كەلگەن يوليورۇقنى ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولسىلا سېسىتىپ ، پۇراپ قالغانلىرىنى دېھقانلارغا يەتكۈزىدۇ .يې خېنىڭ «قارايۇز »ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى جالىڭ فېڭغا ئوخشاش ھەققانىيەتچى رەھبەرلىرىمىز يوق .

مەركەزنىڭ « ھەرقايسى رايونلار ئۆز شارائىتىغا ئاساسەن سىياسەت تۈزسە بولىدۇ »دېگەن يوليورۇقىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق قىلىۋالدى . ئۇلار ئاددىيسى مەھەللە باشلىقلىرىمۇ سايلىنىپلا ئەسلىدىكى يالاڭتۆشلۈكىنى تاشلاپ ، ئالدى بىلەن مەھەللىدىكى خىل ياغاچلار بىلەن ئۆيلىرىنى يېڭىلايدۇ ،ئاندىن قوتانلىرىنى لىقلايدۇ . شۇنداق ئىشنى قانچە كۆپ قىلغانسېرى ياماق كىيىم كىيىشىدۇ تېخى ئىزا تارتماستىن .

دەسلەپ « خەلق رەھبەرلىرى خەلقنىڭ چاكىرى ، خەلق دېمەك خوجايىنلاردۇر »دېيىلگەندە شۇنداق تاتلىق تېتىپ «بەرھەق ،دۇرۇس »دېيىشتۇق . بارا-بارا رەھبەرلىرىمىز بۇ سۆزنى پۇۋلەپ ئوينايدىغان ئەمىكىگە ئايلاندۇرۇۋالدى .بىز بولساق ئاگاھلاندۇرغۇچ ھەم نىجاتكار سۈپىتىدە ساقلاپ قالدۇق . بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ سۆز تېتىقسىزلىشىپ تەمىدىن كېتىپ قاپتۇ . شۇڭا بۇ سۆزگە ئازراق تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پارچىنى قىستۇرسام ئارتۇقچە بولمىغۇدەك .

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا دېھقانباي دەيدىغان بىر باي ئۆتكەنىكەن ، دېھقانباي تولىمۇ ئاقكۆڭۈل ، ساددا ، رەھىمدىل بولۇپ ، چاكارلىرىغا قىلچە ئازار بەرمەيدىكەن .چاكارلىرى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا باشقا بايلاردەك جازالىماي ، سىلىق سۆزلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ ، خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدىكەن . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ دېھقانباينىڭ چاكارلىرى دېھقانباينىڭ ئاقكۆڭۈل ، ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ . دېھقانباي قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ تەربىيە بەرسىمۇ ،يەنىلا ئازراق يوچۇق تاپالىسىلا دېھقانباينىڭ كۆزىنى بوياپتۇ .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە غەزىپى تاشقان دېھقانباي شۇنداق بىر ئاچچىقلاپتۇكى بارلىق چاكارلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ، ئورنىغا يېڭى چاكارلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . ھېلىقى قارانىيەت چاكارلار قوغلاندى بولغاندىن كېيىن باشقا بايلارمۇ ئۇلارنى ئىشقا سالماپتۇ . ئۇلار ئاخىرى ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ ، ئىلگىرى قىلغانلىرىغا مىڭبىر پۇشايمانلارنى قىپتۇ . ئەمما ئىش ئورنىغا كەلمىگەچكە ،تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ . ھازىرقى تىلەمچىلەر دەل ئاشۇ چاكارلارنىڭ ئەۋلادىمىش .

– ئابلىز خوجانىياز فوتوسى

---

ئاپتور : دېھقان(M1)



# خەتەرلىك ئۈچىنچى باسقۇچ

ئەنۋەر ھوشۇر

ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

**بىرىنچى، ھەۋەسكارلىق - تەقلىدچىلىك باسقۇچى.** بۇباسقۇچتا ھەۋەسكارنىڭ مەۋجۇدىيە-تى، ئېڭى ۋە ھېسسىياتى تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. ئالدى بىلەن سەبىي يۈرىكىدە ئىجادىيەتنىڭ سېھىرلىك ھېسلىرى ئويغانغان، بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان ھەۋەسكارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ئىشىكىنى چېكىش تولىمۇ قىيىن بولغان سىرلىق خان قەسىرىدەك، يازغۇچى- شائىرلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە كىشىلەردەك بىلىنىدۇ. ھەۋەسكار تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل ئىچكى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە سىقىلىدۇ. خۇددى پادىشاھنىڭ ئەنتۈارلىق مەلىكىسىگە كۆيۈپ قالغان تەلەيسىز پادىچىدەك يائىشقىنى ئاشكارا قىلالماي، يا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ، ئىچىدىن كۆيۈپ، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي مەست يۈرۈيدۇ. ھارارەتلىك قەلبىگە مەلھەم ئىزدەپ قولىغا چۈشكەنلىكى ئەسەرنى قارا-قويۇق ئوقۇيدۇ. ھەربىر ئەسەر - مەيلى ئۇ ياخشى ياكى ئادەتتىكىدەك بولسۇن ئۇنى يېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. ئەسەر ئاپتورىغا چىن دىلىدىن قايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇشبۇ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان تالانتى ۋە ئىقتىدارىغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئەسەرلەردىكى ئەقلىيەلەرنى، پاساھەتلىك جۈملىلەرنى ئېرىنمەي خاتىرىسىگە كۆچۈرىدۇ، قايتا-قايتا ئوقۇيدۇ، يادلايدۇ. ئوقۇغانسې-رى، ئەدەبىياتقا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى بارغانسېرى ئۇلغىيىدۇ. بىر كۈنلەردە روھى تېنىگە پاتمايدۇ، ئۆزىنى ئىپادىلەپ باققۇسى كېلىدۇ، لېكىن يەنىلا ئىككىلىنىدۇ. تەقلىد قىلىپ بىرنەرسىلەرنى يېزىپ باقىدۇ. يازمىلىرى بىر قارىسا ئەسەرگە ئوخشىغان، بىر قارىسا بەكمۇ ئاددىي، قايتا-قايتا تۈزىتىپ باقىدۇ، يەنىلا ئاددىي، بىرنىمىسى كەم... بۇ چاغدا ھەۋەسكار ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەدەبىياتنىڭ كۆرۈنمەس يىپلىرى بىلەن مەھكەم بوغۇشلىنىپ بولغان بولىدۇ. بوشاڭماق بولۇپ يۇلقۇنىدۇ، تىپىرلايدۇ، تىپىرلىغانسېرى يىپ چىڭىيدۇ. ئامالسىز ئەتراپقا - رېئاللىققا كۆز يۇگۈرتىدۇ. «تەقدىرگە تەن بېرىپ» رېئاللىقتىكى ئۆزىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئازابتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن ئىشنى نەدىن، قانداق باشلاشنى بىلەلمەي تىت-تىت بولىدۇ. ھەممە نەرسىگە قىزىقىش بىلەن قارايدۇ، ھەممە نەرسىدىن ئىجتىمائىي مەزمۇن - تېما تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئۇنى ھەرخىل ژانىرلاردا ئۆزى بىلگەنچە ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. يازمىلىرىنى قارا-قويۇق ھەرقايسى مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىدۇ. تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدۇ. تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ، تېلېفون بېرىپ ئەسەرلىرىنىڭ تەقدىرىنى سۈرۈشتۈرىدۇ... بىر كۈنلەر بىرەر ژۇرنال ياكى گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىرەر پارچە ئەسىرى ئېلان

سىگنال

www.uyghurkitap.com

قىلىنىپ قالىدۇ. ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ئەسىرنى بىر تىنىقتا ئوقۇپ چىقىدۇ، خۇشاللىقىدىن ئىغىزى قۇلىقىغا يېتىپ، ھەممە ئادەم ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا ئۆزىگە ھەۋەسلىنىپ قاراۋاتقاندەك، نەچچە ھەسسە يوغىناپ كەتكەندەك، دۇنيادا ئۆزىچە ئادەم يوقتەك ھېسسىياتتا كىبىرلىنىپ بىر مەزگىل كەيپ يۈرۈيدۇ. ۋۇجۇدىدا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ. ئۆگىنىشكە، يېزىشقا بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىدۇ. ئۆگەنگەنسېرى، ئىجاد قىلغانسېرى يېڭىدىن يېڭى نەرسىلەر بىلەن تونۇشۇپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. بىر خىل تىنىمسىز ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھى ھەۋەسكارنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى، ئوي - خىيالىنى كونترول قىلىپ، دۇنيادا ئەدەبىياتتىن باشقا ھېچنەرسە - ئەھمىيەتلىك ئىش يوقتەك، ئەدەبىياتسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. دۇنيا قارىشىدا «ئەدەبىيات دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ» دېگەن ئىدىيە تىكلىنىدۇ. ئەدەبىيات ھەۋەسكارنىڭ ئېتىقادىغا - ھاياتىغا، روھىغا ئايلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەۋەسكارنىڭ تېخى داڭقى چىقمىغان، ئىجتىمائىي ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، مۇھەررىرلەرنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن تەلەپنى چىڭ قويىدۇ. دوستلىرىدىن، كەسىپ ئەھلىلىرىدىن پىكىر ئېلىش، قايتا-قايتا ئۆزگەرتىپ پىششىقلاپ ئىشلەشنى بىر تۈرلۈك كەسپىي ئادەت قىلىدۇ.

**ئىككىنچى، ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچى.**

بۇ، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد، تىنىمسىز ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش يازغۇچى - شائىرلارنى ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچىغا ئەكىرىدۇ. بۇ چاغدا يازغۇچى - شائىرلار ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىر قاتار قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ۋە پىشقان ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. ئەدەبىيات قەسرىنىڭ ئىلگىرى ئۆزى ئويلىغاندەك ئۈنچىۋالا سىرلىق جاي ئەمەسلىكىنى، يازغۇچى-شائىرلارنىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، پەقەت يېتەرلىك تالانت، توغرا مەۋقە، ئۆزىنى بېغىشلاش، چوڭ يۈرەكلىك بىلەن دادىل ئىزدىنىش، تىنىمسىز مېھنەت قىلىش روھى بولسىلا بۇ قەسرىنىڭ ئەتىۋارلىق ساھىبى بولغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ھەمدە ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، تۇرمۇشقا دادىللىق بىلەن چۆكۈپ، ماھىيەتكە يېقىنلىشىپ، كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەردىن تېما تاللاپ، ئۇنى ئۆزگىچە سەنئەت كۈچى بىلەن جانلاندۇرۇپ، ئىدىيىۋىلىك، مىللىيلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تويۇنغان ئېسىل ئەسەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى ئورنىنى تىكلەيدۇ. بۇمەزگىلدە يازغۇچى-شائىرلار ئەدەبىياتقا بىر خىل غايە ئەمەس بەلكى رېئاللىق سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ؛ تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئەسەرلىرىگە قارىتا تەلەپنى تېخىمۇ چىڭ قويىدۇ. جامائەت پىكرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، ئۆگىنىشكە مۇۋاپىق ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى يارىتىش، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. يازمىلىرىنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ھەر بىر ئەسىرى ئوقۇرمەنلەرنى يېڭىچە بىر بەدىئىي دۇنياغا باشلاپ كىرەلەيدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ «غەزەپ ۋە زار»، «ئويغان»، زۇنۇن قادىرىينىڭ «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «غۇنچەم»، ت. ئېلىيېفنىڭ «تۈگىمەس ناخشا»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن»، «ئىز»، «ياخشى»، «خەجلە خائىنلار، خەجلە»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت»، «قەرزدار»، «ئىزدىنىش» (1-قىسىم)، «كەچ كۈز» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990-يىل 1-، 2-(قوشما) سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، «ئېغ، توپىلىق يول»، مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «قوش مەسچىت» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1987-يىل 2-سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، زۇلپىقارنىڭ «سادا»، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «ۋەتىنىم سۈت بەردىڭ ھالال ۋە ئاپئاق»، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «يېڭى قوشنا»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997-يىل 2-، 3-(قوشما) سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، «شەھلا كۆز»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «يۈرەكتاغ»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، «كەلكۈن» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993-يىل 5-، 6-(قوشما) سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئايخان»، «قۇم باسقان شەھەر»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئوربىتا»، «تاش شەھەر» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىل 4-، 5-(قوشما) سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى مەن ئادەم»، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ئۈچ غەزەل»، ياسىنجان سادىقنىڭ «بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «يىغلىما قىز»، «سەھرالىقلار»، ماموت زايىتنىڭ «ئات جوۋازدا، كالا مەپىدە» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988-يىل 2-سانىغا بېسىلغان. - باش مۇھەررىردىن)، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «بۆرە جىلغىسى»، مۇختار سوپۇرگىنىڭ «ئوقۇتقۇچى» قاتارلىق ئوقۇرمەنلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەر دەل يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ قىممەتلىك

مىراسلىرىدىن بويپالغۇسى!

ئۈچىنچى، پىششىق يېتىلگەن باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا يازغۇچى-شائىرلارنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ياكى مۇكەممەل بولغان بەدىئىي ئۇسلۇبى يارىتىلىدۇ. بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك سەۋىيىسىدە ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك ھەيكەللەر تىكلىنىدۇ. ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ. گېزىت-ژۇرناللار، نەشرىياتلار ئەسىرىنى تالىشىپ، ھەتتا زاكاس قىلىپ بەس-بەستە نەشر قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ باسقۇچتا يازغۇچى-شائىرلارغا نىسبەتەن مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي توسالغۇلار تۈگىتىلىپ، يول كەڭ ئېچىلىدۇ. يولنىڭ كەڭ، تۈز بولۇشى ياخشى ئەھۋال. لېكىن قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى توسالغۇسىز چۆل-جەزىرىلەردە يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش، خېلى كۆپ ساندىكى يازغۇچى-شائىرلار مۇشۇ مەزگىلدە پۇتلىشىپ كېتىپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى تولىمۇ تەستە تىكلىگەن نۇرانە ئوبرازىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ھەتتا «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق»قا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بىرنەچچە تۈرلۈك سەۋەبى بار:

1. كۆپ قىسىم ۋاقتى شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كەتكەچكە تۇرمۇشقا ئارىلىشىش ۋاقتى ئازىيىپ بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن داڭ چىقارغاندىن كېيىن ئىزدەيدىغانلار، چوڭ-كىچىك يىغىن ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر كۆپىيىدۇ. ئاڭلايدىغىنى مەدھىيە سۆزلىرى، كۆرىدىغىنى قېلىپلىشىپ قالغان ھادىسىۋى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىلا بولىدۇ. بۇ مۇقەررەر يوسۇندا تېما نامراتلىقىنى، تەكرارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە يازغۇچى-شائىرلار كۆپ ھاللاردا توقۇلما قىلىشقا، ئۇيەر، بۇيەرلەردىن ئاڭلىۋالغان ئۇششاق تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ-دە، ئىجادىيىتى نوقۇل ھالدىكى ماھارەت ۋە تەجرىبىنىڭ مەھسۇلىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. 2. ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ. 3. يازمىلىرى تالاشتا نەشر قىلىنىدىغان بولغاچقا، تەبىئىي يوسۇندا ئەستايىدىللىق يوقاپ، ئۆزگەرتىشكە، پىششىقلاپ ئىشلەشكە سەل قارايدىغان ناچار ئىجادىيەت ئادىتى باش كۆتۈرىدۇ. 4. تەسىرى زور يازغۇچى-شائىرلارغا قارىتا «مازارغا چالما ئېتىپ» قويۇپ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋېلىشتىن ئەنسىرەپ ئوبزورچىلارمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، مەۋجۇد مەسىلىلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچى-شائىرلار «ناچار يازدى دېمىگىنىگە قارىغاندا ياخشى يازغان ئوخشايمەن» دەپ تۆۋەن سەۋىيىدىكى زاكاز ئەسەرلەرنى يازىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا ئاندىرسوننىڭ «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» ناملىق چۆچىكىدىكى پادىشاھتەك كۈلكىلىك ئەھۋالغا قالىدۇ. مەسىلەن: جالالىددىن بەھرام «لېيىغان بۇلاق» ماۋزۇسى ئاستىدىكى كۆپ قىسىملىق رومانلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا زىلزىلە پەيدا قىلىۋاتقان ئىقتىدارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى خوتەندە خىزمەت قىلىۋاتقاندا باشلانغان بولۇپ، 1980-يىللارنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان «تۇردى ھالىم»، «روزىمەمەت خۇشھال» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئاپتور بۇ ھېكايىلەردە تېما تاللاش، قۇرۇلمىنى تەشكىللەش، تىل ئىشلىتىش، خاراكتېر يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، روزىمەمەت خۇشھالنىڭ ھەقىقىي خۇشھاللىقى بىلەن تۇردى ھالىمنىڭ «چاتىرىقىدىن رەستە كۆرسىتىپ تۇرغان» كۆرەڭ قىياپىتى ھېلىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا! يېقىندا ئاپتور كۆپ توملۇق رومانىنى يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئارقا-ئارقىدىن بىر قانچە پارچە ئۇزۇن ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ھېكايىلەر بىلەن بايا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھېكايىلەرنى سېلىشتۇرساق پەرق بەك چوڭ بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئاپتور دەسلەپكى ھېكايىلىرىدە تونجى بولۇپ ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمىلاشتۇرۇشقا دادىل ئوت ئېچىپ، ئۆرنەك قىلغۇدەك تەجرىبىلەرنى ياراتقان بولسا، كېيىنكى ھېكايىلىرىدە ئۆزى بۇزغان ئۇقۇم-فورمىلارنىڭ ئاسارىتىگە خېلى ئېغىر دەرىجىدە بوغۇلۇپ قالغان بولۇپ، بۇ ھېكايىلەر كىشىگە بىر خىل سۈنئىي تۇيغۇ بېرىدۇ. جالالىددىن بەھرامنىڭ ئىلگىرىكى ھېكايىلىرىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىشى يېقىندا ئېلان قىلىنغان بۇ ھېكايىلىرىنى ئوقۇسا، «بۇ باشقا بىر جالالىددىن بەھرامنىڭ ھېكايىسى بولسا كېرەك» دېگەن تۇيغۇغا كېلىدۇ.

ئەختەم ئۆمەر يۇقىرى بەدىئىي دىت-سەۋىيە بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن، ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ كۆپ تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق بولغان «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستلىرى يالغۇز ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئېسىل ئەسەرلەر بولۇپ، تېخى ھازىرغىچە ئۇنىڭ سەۋىيىسىگە، بولۇپمۇ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»نىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈدەك پوۋېستلار ئېلان قىلىنىپ باقمىدى. لېكىن ئەختەم ئۆمەرنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىل جەريانىدا ئېلان قىلىنغان رومانلىرىغا، بولۇپمۇ «باياۋاننىڭ سىرى» رومانىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، بۇ مۆھتەرەم يازغۇچىمىزدىمۇ «ئۈچىنچى باسقۇچ ھادىسىسى»نىڭ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى — ئىجادىيىتىدە زور چېكىنىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. مەن «باياۋاننىڭ سىرى» رومانىنى ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ قۇرۇلمىنى تەشكىللەش، تۇرمۇش چىنلىقىغا، ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يەڭگىلتەكلىكلىرىنى بىر ياققا قايرىپ

قويۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ - تىل تەلىپى نۇقتىسىدىن باھا بەرگەندىمۇ، ئەسەرنىڭ بۇ تەلەپكە يەتمەيدىغانلىقىنى، سۆز، جۈملە ۋە ئىملا خاتالىقلىرىنىڭ قەدەمدە بىر، بىر بەتتە بىر قانچە يەردە كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. 1-بابنى ئۆزۈمچە تۈزىتىپ بېقىۋېدىم، كىتاب بەتلىرى ئىت تالىۋالغاندەك بويىلىپ كەتتى. ساناپ بېقىۋېدىم، بىر بابتىلا يۈزگە يېقىن يەردە خاتالىق كۆرۈلۈپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ۋە مەھسۇلاتلىق يازغۇچىمىز ئابدۇراخمان قاھارنىڭ 1990-يىللاردىكى ئىجادىيىتىدىمۇ كۆرۈلدى. زوردۇن سابىرنىڭ 1994-يىلى نەشر قىلىنغان «ئاتا» رومانىنىڭ ھېچقانچە غۇلغۇلا قوزغىيالمىغانلىقى، «يېگىلانغان ھاۋا»، «ئاخىرقى پادىچى» قاتارلىق پوۋېستلىرىنىڭ سوغا چۇشكەن چالمىدەك ئۈن-تىنسىز غايىب بولىشى؛ «ئىلى دولقۇنلىرى»، «كەچۈر مېنى نازاكەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئابدۇراخمان قاھارنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىل جەريانىدا ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنغان رومانلىرىنىڭ مەتبۇئات يۈزىدە بىرەر بەت بولسىمۇ باھاغا ئېرىشەلمىگەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇنداق مىساللارنى يەنە كۆپلەپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ھازىر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا «ئەسەر كۆپ، لېكىن ياخشى ئەسەرلەر ئاز» دېگەن قاراش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد. مېنىڭچە بۇ خىل قاراشنى مۇتلەق توغرا دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇنى خاتا دېگىلىمۇ تىلىمىز كۆيىدۇ. «ياخشى ئەسەر ئاز» دېگەن ھۆكۈم يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى ئەسەرلەرنىڭمۇ مەۋجۇدلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، بىر دەۋر ئەدەبىياتى كۆپرەك قەلىمى پىشقان يازغۇچىلارنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلانغان بولغاچقا، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆزگە تونۇش بولغان پىشقان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئۆلچەيدۇ. تېگىشلىك نەتىجە ئېرىشەلمىسە، كۆرۈۋېتىشنى «غولدا بىلەن ئۇنىڭ سالسا بىر تال دان چۈشمەيدىغان» كۆپۈكسىمان ئەسەرلەر بولسا، ئېنىقكى ئۇلارنىڭ شۇ دەۋر ئەدەبىياتىغا، ئۇنىڭ ئىجادچىلىرىغا بولغان ھۆرمەت-ئىخلاسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بىز ھازىر بۇ خىل ئەھۋالنىڭ شەپىسىنى خىلى ئېنىق سەزمەكتىمىز.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئەدەبىي ئىجادىيەت يازغۇچى-شائىرلاردىن زور بەدەل تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق، مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ كۆڭۈلگە بۈيۈك ئارزۇ-ئارمانلارنى پۈكۈپ قولىغا قەلەم ئالغان ھەر بىر مېھنەتكەشتىن تىنىمسىز ئىزدىنىشنى، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى، تارىخقا، مىللەتكە، خەلققە ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئىزچىل ئەستايىدىل بولۇشنى، بولۇپمۇ خەلقى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەندە مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ، جامائەت پىكرىگە دىققەت قىلىپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ھەققىدە ھەرۋاقىت چوڭقۇر ئويلىنىشى، ئىقتىساد ۋە شۆھرەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ھەدېسە سان قوغلىشىپ پۇچەك ئەسەرلىرى بىلەن نامىنى بۇلغايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم. ناچار ئەسەرلەرنى ھەدەپ بازارغا سېلىپ تولىمۇ تەستە تىكلىگەن ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەندىن كۆرە، ئەڭ ياخشىسى يازماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە پايدىلىق بولغان تەتقىقات ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى ئىلگىرىكى ئوبرازىنى ساقلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئاقىلانە تاللاش!

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى (M1)

بۇ سان 2003 - يىلى 10 - ئاۋغۇستتا تىزىشقا يوللاندى، 30 - سىنتەبىردە باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



ئاتاقلىق فوتوگراف جۆرى قادىر ئەپەندى

— ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن، ئاتاقلىق
رەسسام، خەتتات، فوتوگراف، «قۇمۇل كۆك مەشرىپى»، «مەشرەپ»، «ئەخسە ئۇسسۇلى»،
«ئۇدۇم قالدۇرۇش»، «قاراچىراغ ئۇسسۇلى»، «ئالتۇن كەش»، «ئىپارخان»، «چاقپەلەك
ئۇسسۇلى»، «ئۇستىكار»قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئېسىل ماي بوياق
رەسىملەرنىڭ ئىجادچىسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆك ئەپەندى




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2003 - يىل 5 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/G2
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو
كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498 BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/G2
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京市朝阳区工体东路 16 号
P. O. Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001 电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 5 يۈەن

邮发代号：58—22 定价：5 元